ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




№ 4 ( 15 )

آپریل

1947

# بوساندا :


1 - شرقی تورکستان انقلابچل یاشلار تشکیلاتینینگ مقصیدی وه اونونگ اعضالری-
دا بولیدیغان خصوصیتلر حقیده . . . . (ت. ابراهیمنگ نطقیدین)

2 - خطابدا سیاسی احول . . . . . . («بیگی وقت» ژورنالیدین)

3 - اولکولوک حکومت رئیسی معاوینلری احمدجان قاسیمی ، بورهان شهیدی ،
باش کاتیب عبدالکریم عباسف ، حکومت اعضالری رحیم‌جان صابر حاجی ، محمدایمن
حضرت ، صیف‌الدین عزیزوف جنابلریگه . . . . مرکزی کومیتیت هیئت
اعضالریدین خط .

4 - اویغور خلقینینگ آتاقلق قهریمانی وه قوشاقچیسی صادیر پالوان . . . .
ز . قادیری ، ا . اختم .

5 - کینو وه اونونگ اهمیتی . . . . . . محمد باقی کمال

6 - کمده قانچه اومور بار . . . . . ب . ت

7 - گودوک (حیکایه) . . . . . . ن . اوستروسکی

8 - شهیدلرگه (شیعر) . . . . . . ت . قهاری

9 - دلبر (شعیر) . . . . . . کیبیر نییلز .

10 - قانلق داغ . . . . . . «سوزگور»

11 - یاشلق (شعیر) . . . . . . جرعتی

12 - ملتیغم (شعیر) ، . . . . محمد رحیم




# شرقی تورکستان انقلابچل یاشلار تشکیلاتینینگ مقصیدی وە اونلنگ اعضالریدا بولیدیغان خصوصیيەتلەر حقیدە .

( حربی كومیتیت اعضالری بغیندا توختی ابراهیمنینگ سوز لیگەن نطقیدین قسقارتیب ایلندی )

انقلابچل جنگوار یولداشلار ! مەن بو گون شرقی تورکستان انقلابچیل یاشلار تشکیلاتینینگ مقصیدی وە اعضالرنینگ ابرادیسی حقیدە چوشونچە بەرمەكچیمەن .

هەممیگزگە معلومکی تشکیلاتیمز نظام نامیسینینگ 3 مادەسیدا : « شرقی تورکستان انقلابچیل یاشلار تشکیلاتی سیاسی تشکیلات بولوب ، آلدینقی خلقچیلق صفدە مستقل حرکت قلیدو » دیلگەن . 4- مادەسیدا : « شرقی تورکستان انقلابچیل یاشلار تشکیلاتی اوزینینگ مقصدینی عمەلگە آشوروشدا آزادلق سویگوچی خلقیمزنینگ خلقچیل حرکتینی آساس قلیب ، اعضالرینینگ برلیک کوچی وە قطعی ایرادیسیغا ، دونیاوی خلقچیلق طرەفدارلرینینگ هەمکارلیقیغا تاییندو » دیلگەن . شونوگدەك تشکیلاتیمز مستقل سیاسی تشکیلات بولوب ، او بتون شرقی تورکستان خلقینینگ خلقچیل انقلابی کوچیگە ، بولوبمو انقلابچیل ترقی پرور یاشلریمزنینگ قایتماس ئیرادیسی ، اولوغ آرزوسی وە پولاتدەك برلیك کوچیگە تایینیب ایش ایلیب باریدو . شونگی اوچون بزنینگ تشکیلاتیمز بارلیق خلقیمزنینگ بولوبمو یاشلریمزنینگ پارلاق استقبالیغا وە كەلەچەكیگە قلالایدو ، — دەب ایناڭیمز . تشکیلاتیمزنینگ یالقونلوق چاقیریغی : « شرقی تورکستان یاشلری انقلابی صفگە اویوشوڭلار ! » دیگەن بر جوملە سوز تشکیلاتیمزنینگ انقلابی ماگیتینی بولوب تورودو . یەنە نظام نامینینگ 5 - مادەسیدا « شرقی تورکستان انقلابچیل یاشلار تشکیلاتی شرقی تورکستان تویریغیدا یاشیغوچی عمومی یاشلارنی اویوشتوروب ، اولارنی ترچیل خلقچیل روحدا تەربیەلەب شرقی تورکستان خلقینینگ پارلاق استقبالی اوچون وە ترقیاتی اوچون ایلغار علمی آساسدا كورەش ایلیب بیریشنی نیشان قلیدو » دەب یزیلغان . یوقارقی مادەلاردا یزیلغان جوملەلەر دینلا تشکیلاتیمزنینگ مقصیدی قانچیلیك بیوك ایکەنلیگی یارقین کورونوب تورودو . دیمەك تشکیلاتیمز اوزینینگ بیوك نیشانیسی بلەن ، دونیادیکی ترقی پرور ، خلقچیل انقلابی یاشلار تشکیلاتلری قتاریدا تورودو .

بزنینگ انقلابچیل یاشلار تشکیلاتیمز 1945 — یلی 15 — نویابردا بارلیق یاشلاریمزنینگ طلبی وە ملی آزادلق انقلابیمزنینگ احتیاجیغا آساسلینیب قایتیدین قورولدی . بز انقلابچیل یاشلار تشکیلاتینی یاشلریمز طلبی ، وطنیمزدیکی انقلابی وضعییتنینگ احتیاجیغا آساسلینیب قورغینیمز اوچون ، تشکیلاتیمز بارلق خلقیمزنینگ حیماییسیغا ایگە بولوب ، یاشلریمزنینگ انقلابی مکتبیغا آیلاندی .

تشکیلاتیمز ملی آزادلق انقلابیدین بورون گومیندانگ عکس الحرکتچیلرینینگ زەهەرلیك مفکورەسی آستیدا سقیلیب تارقاق حالدا بولسیمو ، مقصیدی اولوغ بولغان اوچون ، هەر قانداق قاتتیق اوریوش، چیپش لار تشکیلاتیمزنینگ بو کونلەرگەچە کیلیشینی توسالمیدی .

تاریخدا اوز مقصیدیگە یتش اوچون کورەش ایلیب بارغان تشکیلاتلارنینگ مقصدكە یتەلمەی یوقولوب کەتكەنلری تورغون بولغان . چونکی او دەوردیکی خلق خاھی

شى وە ماددى ترقييات ، سياسەت‌ەلوم دە ـ
رەجەدە يوشلوق عاددى ، طبيعى حالدىكى
يورـەكى ، ايگە بولغان . بعضيلەرى مقصد
جەندىن يوقارقى قاتلام منفعتىنى آلغا سور
گانلىكى اوچون كەڭ خلق عاميسىنىڭ
حىمايەسيغا ايگە بولالماى هلاك بولغان .
حقيقى خلقچيل تشكيلاتلاردا قانداق خا ـ
صيت وە اولوغلوق بولوش كيرەك ؟

شو نەرسە بولوش كيرەككى : الدين
اونوڭ حقيقى انقلابى تيەيتالى بولوش كيـ
رەك ، پولاتـەك انتظامى وە مستحكم تشـ
كيلى بولوش كيرەك ، اطرافيدىكى خلق
ماسساسينىڭ ارتموشىدىكى انقلابى آرزولارى
غا وارثلق قلاليشى كيرەك ، سانسز آم ـ
لق اعتقادچيلار يغا يعنى اعضالريغا ايگە
بولوش كيرەك ، قاينەلس ايرادە ويكلەمەس
تاكتيكاسى بولوش كيرەك ، جمعيتنى آلغا
سيلجيتيدىغان قابيل پيرينسيپى وە اوزدوش
منىنى آيريب ايليب ، رەحيمسز كورو ـ
شيدىغان برليك كوچى بولوش كيرەك ،
هر قانداق تشكيلاتنىڭ شان شەرەفى وە عمر
ايك جنى شودور .

دونيانىڭ اجتماعى ترقييات باسقوچى
شونيمو ميدانغا كەلتوردىكى انسانيت عالى
مينى كانتا ايككى لاگيرغا بولدى . برسى
ايزيلگوچى توەندىكى قاتلام خلق عاممى ـ
سى ايكينجيسى تەزگوچى يوقورى قاتلام
آزچلق گروهى , نەتيجەدە جهانگيرليك تيـ
پيدىكى ريئاكسيئون پارتيەلەر وە فاشيست
پارتيەلەريمو ميدانغا كەلدى . اونوڭغا قار
شى ايزيلگوچى مللتلر ، ملى آزادلق وە
خلق بختىنى آلغا سوروش خراكتيريدىـ
كى ئەللەرنىڭ انقلابى پارتيەلەرى ميدانغا
كەلدى .

بزنىڭ تشكيلاتيمز بولسا ، دەورينىڭ
چەرخىنى آرقىغا تارتقوچى وە ملى ظلوم ـ
نى راواكورگوچى تشكيلات امەس ، وطنيـ
مزنىڭ ترقيياتىنى مقصد قيلىدىغان وە ملى
ظلومنى يانتيزى بلەن قومووروب تاشلاش
اوچون كورەش ايليپ بارىدىغان تشكي ـ
لات .

2 . بر پارتيە وە تشكيلاتلار باركى :
اولار ملى ، سياسى ظلوم توتيدلرى ، اسـ
تبدادچيل حاكميت توزومينى ساقلاپ قيلش
اوچون هر كتليندو . يەنە بونوڭدىن بر
خيلنى آجريتش مكن ، او بولسيمو ، انتـ
ليق ەكسالحر كنچيلر گروهى . بو انسا
نيت وە مدنيت اوچون الڭ يامان اقلاس وە
زيانداش بولوب هسابلينيدو . بو گروه
خلق ئەركينلىگى ، وجدان ، حقا نيتنى
اياق آستى قليب ، دونيادا كوبچولوك كشيـ
لەرنى قوللوقتا توتوشنى مقصد
قليدو .

يەنە شونەرسىنى چوشونوش كرەككى : گاييـ
دا بو خلدىكى ريئاكسيئونلارنىڭ گروهى
جمعيت ترقيياتيغا دەهشەتليك وە فاجيەلك
تاثير قلسيمو او وقتلقدور . اونوڭدىن
قورقوش ، هودوقوش ، ياكى تەسليم بو ـ
لوب كيتش كورەشچان صفت ئەمەسـ
دور .

بزنىڭ تشكيلاتىمز ترقيب قيلغان اجتماعى مي
داندا امەس كورەش وە حقيقى رواجلينش
ميدانيدا توريدو .

بز اوتموشدە گومينداڭ وە مستبدتو ـ
زومنىڭ ظلمى آستيدا قيليب ، ملتيمزنىڭ ،
وطنيمزنىڭ يوقولوش خوفيگە اوچريدوق .
شو سببدين ملى آزادلق انقلاب قلدوق ،
ملى آزادلق انقلابيمز غايە بلەن تماملينيب
سياسى كورەشكە اوتدوق . بز 11 ماددى ـ
لق پوتومديكى هقوقيمزنى عەملگە آشو ـ
روش اوچون سياسى كورەش قلشقا مجبور
ميز .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاخمەد ئەفەندیم ایتقاندەك آلدیمزدا «مەد-
نیيت ، فەن تەخنیگا انقلابی وە حقیقی خالق-
چیلق سیاستیغی تورموشقا آشوروش» وظی-
فەسی توردو . بو وظیفە كورەش آرقیلق
قولغا كیلیدو . بز جمعیتیمزنی اوتتورا
عصرنڭ نادانلیق پەنجیسیدین قوتولدوروب
20 . عصرنڭ فەن تیخنیكا مدنییتلیك خلق-
چیل جمعیت حالیتیگە یەتكوزوش اوچون
هر ساھەدیكی كورەش اوصوللارینی عمومی-
لاشتوروب قوللونوشقا مجبورمیز . شوننڭ
اوچون تشكیلاتیمزنڭ مقصیدی وە انقلابی
غمخورلیقی شونوڭدادور .

بزنڭ تشكیلاتیمز حقیقی خالقچیل-ق
سیاستیگە وە عمومی خلق كوچیگە تاین-
نیدور. چونكی: خلق-دولت، حكومت وە
بارلیق تشكیلاتلارنڭ آساسیدور. خصوصاً
حاضرقی خالقچیلق دەوریدە خلق كوچیدین
آیریلغان دولت ، حكومت وە تشكیلاتلارنڭ
عمر سوردمەسلیگی طبیعی احوال بولوب
قالدی . ھەمە خاصیيات ، اولوغ حركت ،
ایجادی بایلق خلقدە بولوب ، ھەر اشنی
معلوم سیاسی فعالیيتنی عملگە آشوروش
اوچون خلق كوچیگە تاینیش كیرەك .

حاضر دونیادا بر قانچە مملكتلەر خلق-
چیلقنی تورموشقا آشوروالمغان بولسیمو ،
بر مونچە مملكتلەردە خلقچیلق دیگەن سوز-
نی پەردە قلیب ، مستبد وە جهانگیرلیك
سیاسی توزومنی اجرا قلماقدا . شونوڭ
بلەن خلق تورموشی ایغرلیشیب ، اجتماعی
تنچسیزلق كوچەیمەكدە . بز خلقچیلق
سیاستنی تورموشقا آشوروش ، تنچسزلق-
نی یوقوتوش اوچون ئاخمەد ئەفەندیم ایتقان-
دەك : « تنچسزلقنی یوقوتوش اوچون تنچ-
سزلقنڭ سببینی یوقوتوشیمز لازم . تنچ-
سزلقنڭ سببینی یوقوتوش اوچون حقیقی
خالقچیلقنی تورموشقا آشورشیمز لازیم .

حقیقی خالقچیلقنی تورموشقا آشوروش او-
چون ، مللتلەر برابرلیگینی عملدە جاری قل-
شیمز لازم . » شوننڭ اوچون بتون حاكمی-
یت خلق قولیدا بولسون ، اقتصادی جهت-
دین خلقیمز بای بولسون ، وطنیمز آباد
بولسون ، حقیقی مللتلەر برابرلیگی دوستا-
نە برلیكی عملگە آشسون . شو نقطیدین
قاریغاندا بزنڭ تشكیلاتیمزنڭ آساسی مق-
صیدی ایزچیل خالقچیلق بولوب ، او یاش-
لاریمزنڭ بلم قابلیيتینی آشوروش وە خلقی-
مزنڭ ترقی ، بخت سعادتلیكلەكونكو-
چوروشنی نظردە توتیدو .

تشكیلاتیمزنڭ كوز قاریشی وە جمعی-
یتكە بولغان غمخورلیقیغا پارلاق مایاك بولا-
لایدیغان خصوصیيتی ئەنە شونددادور .

تشكیلاتیمزنڭ نیشانیسی - اوزینڭ
اطرافیدا اعضالارنڭ سانینی كوپەيتیش بلەن-
لا قیلیش امەس ، انقلابچیل اعضالارنی انق-
لابی صفكە اویوشتوروب ، صفت طرفیدی
اوستوروب ، جمعیتنڭ چیدامليق ، محكم
ایرادیلق كادیرلارینی كوپەيتیشدور . تش-
كیلاتیمزغا اعضا بولغان یاشلار جمعیتیمز-
نڭ ھەر ساھەسیدیكی كادیرلاری بولوب
یتیشب چقیشینی نیت قلیشی كیرەك . او-
نڭ اوچون تشكیلات وظیفەسینی برنجی او-
رونغا قویوشی لازم . براونڭ ایلتفاتی وە
رەھبرلیكیگە بلا قاراب تورماسدین ، محنت ،
خدمت ، اوگونوش ، مدنییت وە باشقا
فرونتلاردا ایجادی موفقيتنی ایگیلەب برە-
برلیك قلشنی بیلیش كیرەك . اونوڭ او-
چون اعضالەردە موندا ق خصوصیيتلەر
بوسون .

1 . برلیكنڭ وە مصلحتلیشیب ایشلەش-
نڭ قدری - قممتینی ئیلك آوال تشكیلات
اعضالاری یاخشی توتوش كیرەك وە عمل
قلش كیرەك .

2 . روحی وە جسمانی ساغلام بولوش

كېرەك . چونكى روحى پەس وە شخصىي -
يەت پەرەس ياش انقلابى روحقا ئىگە بولال-
مايدو . ساغلام بەدەن بولغاندىلا يوقورى
ئالانت وە غايەۋى ھەۋەسى بولىدو . مەثلا:
ئەفيونكەش ، نەشەكەش بر ئادەمنىڭ ئالدىغا
بىر يب ، جەمئيىتكە خذمت قىلايلى ، دېسەك
اونىڭغا خوش ياقمايدو . ساغلام بەدەن بول-
غان آدەم يوقورى ئالانت وە انقلابى روھ
نى پەيدا قىلالايدو . شونىڭدەك تاشقى اوبيـ
كتىۋنى نەرسىگە تولوق بھا بېرش اوچون
فكرگە باى بولوشى كېرەك . اونىڭ اوچون
ھەم ساغلام بەدەن بولوش لازم .

3 . انقلابچىل ياشلار تورموشقا توغـ
رى كوز قاراش وە ئەمگەك سويدىغان بو
لوشى لازم . بو صفت ياشلارنى آلغا ئىرقـ
قى قىلش وە اشنى ئەڭ آخىرقى چەككە
يەتكوزوشدە زور اوروننى توتىدو . ئەمـ
گەك سويدىغان ياش ھەر واقىت اوسودو .
او ، ئالانت ايگىسى بولوب چقىدو . بعضى
ياشلارمىنىڭ ئالانتىم شونچىلىك ، مەڭ ئىرىش
سامو يەنە شو دەپ ، اوزىنى تاشلاويدى-
دو . بو كورەشچانلىق روح امەس . دنيا
وى پسيخولوگلارنىڭ اسپاتلىشىچە حقيقتا =
آدەملەرنىڭ ئالانتى اوخشاش بولمايدو . بعـ
ضىلەرىنىڭ يوقورى وە بعضلەرىنىڭ تۆۋەن
بولىدو . لېكىن ھەر قانداق آدەم ئالىيسىد-
دا ئالانت بار . ئالانت ، ئەمگەكتە ، او
گونوشدە اوسوب ، تجربىدە سامرىدو .
بو شەكسىز حقيقتدور . بز تىرىشىپ ، گو
نوب ، عملىيتكە فعال قاتناشساق ، طبيعىي
ئالانتىمز اوسودو ، مستحكملىنىدو .

4 . تولوق باى فكرلىك بولوش . فكـ
رى عاجز ، زەئيف كىشىلەر ھەر نەرسىد-
نىڭ ماھىيەتىگە تولوق چوشونەلمەيدو . ھر
نەرسىگە توغرا چوشونوش وە توغرا فكر
بېرش اوچون فكرگە باى بولوش لازم .
اونىڭ اوچون ، اجتماعى فن وە علمى مثا
ظىرە فەننىڭ قانونلارىنى اوگونوش كېـ
رەك .

5 . كورەشچان روحلوق ھەم ترقيپار
چىل بولوش مثا بو خصوصيت ھر بر انقلاب
چىل ياشلاردا بولوش كېرەك . ھر اشنى
باشلىغاندا شونى آخرقى چەككىچە داوام
قىلدوروش ، شو جريانىدا اوچرايدىغان ھەر
قانداق قىيىنچىلىقلارغا بېرىلمەسلىك كېـ
رەك .

6 . قزغىن ھېسلق بولوش قزغىن
ھېسلق بولغاندىلا ، زور اشلارنى وجودقا
چقىرىش مەمكىن « قزغىن ھەۋەس بولغاندىلا
مقصدكە يتش مەمكىن » دېگەن سوز بار .
قايسى جمعيتدە بولمىسون خلققە كورسو
تىب ، نامى چققان داڭلىق آدەملەرنىڭ ھە
ميسىدە قزغىن ھيس بولغان . قزغىن ھىسـ
لق آدەم ھەر قانداق قيىنچلىقنى آشكىلىسادەر
حال غەلبىلىنىدو . كونىنى يېڭىلاش ، يېڭىـ
نى ايجاد قلش اوچون ھەر دائيم اومنولىـ
دو . قزغىن ھيس بولمىسا اطرافىمز دېگىـ
لەر بونىڭ قولىدىن ھېچ اش كەلمەيدو ،
دەپ اتەيدو . آدەمنىڭ اويلىغان اشى ،
قزغىن ھيس بلەن اشلەنمىسە ، ھېچ ئاچون
اوتوققا ئىرشەيدو . قيزغىن ھيس بلەن
ئەڭ توختىغانمىيلىك سالماغيق بولوش كېرەك

7 . يەنە مستحكەم پوزىتسىيەلىك ( تو
توروغلوق ) بولوش كېرەك . ھەر اشنى
قلغاندا آلدىراب ، اطرافدكىلەرنىمو ھو
دوقتوروب قالايمىقان احوالغا سېلش يارىمايـ
دو . او وقتدا نەتىجەلىك بولغوسى ئشنىڭ
نەتىجەسزلىككە آيلىنىب كېتىشى طبيعيدور

ﻣﺜﻼ: جمعييتده بر حادثه توغولسا ، اونڭغا
آلديراپلا كرشەى توپلوك ، كامىل چارى
لارنى بەلگولەب ، آندين كيين كريشش
لازم . مستحكم پوزيتسيەليك بولوش او
چون توختيغان مييەليك صفت بولوش
لازم .

8 . صاف كوڭوللوك ، ملايم اخلاق
لىق بولوش ، تەكەببور بولماسلىق ، توغ
رى تنقيدنى قبول قلش كيرەك . بروراش
نى خطا قليب قويسا ، شو خطالقنى آڭلات
قاندا وە سەزگەندە دەررو توزەپ ايلش
كيرەك .

9 . صاديق بولوش - كوز بويوماچيلق
تەخسەچيلق ، يالغانچيلىق ، متكبر ، كو
رەلمەس ، اوزەم بلەر ، حقوقدين فايديليد
نب ، شەخسى منفعت اوچون اومتولوشكه
اوخشيغان زيياندراش كيسەللەرنى يوقوتوپ ،
وطنگه ، ملتكه ، وظيفەگه صاديق بولوش
كيرەك .

10 . چاققان وە تولوقچان بولوش ـ هەر
اشنى چاققانلىق بلەن اشلەش كيرەك . تو
لا كشيلەردە بو ايككى خصوصييت برلەشەل
مەيدو . بعضى كشيلەر اشنى چاپسان قليد
دو . تولوق قلمايدو . وە بعضى كشيلەر
تولوقچان بولوپ ، اشنى آستا قليدو . شوڭ
داق قليپ وقتينى اوتكوزويتيدو . ديگەن
نەتيجه پوختا ، وقتيدا چقمايدو . شوڭلق او
چون انقلابچيل ياشلار دا مذا بو ايككى خصو
صييت برابر بولوش لازم . هەر اشدا چاق
قان بولوڭلا وە تولوق پوتوروڭلار .

بزلەر تشكيلاتيمزنى صميمى قلبيمز ،
چين ديليمز وە صاديق نيتيمز بلەن حمايه
قليپ ، دوس كيم ، دوشمەن كيم ، اوق
كور قاراپ ، محكم انقلابى صفكه اويو
شوپ ، برليك ، دوستلوقنى آلغا سوروپ
كەلگوسيديكى پارلاق استقباليمز اوچون فط
عى چيليشايلى .

# خطايدا سياسى احوال

حقيقتديمو خطاى خلقينڭ تقديري
نهايتى ايچينشلقدور . موندين اون يل بو
رون 1936 - يلى 100 نفر نيمس حربى
كيڭەشچيلرى وە ئينستروكتورلرى گوميند
داڭ آرمييەسينى اوگەتتى وە خطاى كا
مونيست پارتييەسينڭ يولباشچيليغيدا بول
غان خلق آزادلق كوچلرىگه قارشيلق قل
غان گوميندانڭ آرمييەسيگه اولار رهبرليك
قلغان ايدى . 1946 - يلى بولسا ، يوز
اەمس ، مڭليغان آميريكا سياسى ، اقتصادى
پوليتسيه وە حربى كيڭەشچيلرى وە ئينس
تروكتورلرى گوميندانڭ آرمييەسيگه تعليم
تربييه بيريپ ، بو آرمييەنڭ خلقچيل خلق
آرمييەسيگه قارشى يورگوزگەن هجوملري
غا رهبرليك قلماقدا . بو اش آ . ق . ش
نڭ ئەشەددى دوشمينى بولغان ياپون مللي
تاريزيميغا قارشى خطاى كەڭ قاتلاملري
نڭ 8 يللق باتورلارچه كورەش ايليپ بار
غاندين كيينكى بر وقتدا يوز گوزلوپ اول
توريدو .

ايككى يارم يلنڭ آلديدا ، 1944 -
يلنڭ برنچى ئيوليدا آميريكانڭ « نيو -
يورك تايمس » گيزيتى « خطاى كامو
نيست آرمييەسى » ياپونلارغا قارشى او
روشدا نهايتى اهمييتليك انتفاقچيدور دەپ
يازغان ايدى . خطايديكى قورالق خلق
كوچيگه گينيرال استيلوئيلل ، ئەلچى گا
اوس وە باشقا آ . ق . ش . نڭ خطايدي
كى وەكيللرى هەم شونداق باهانى بەرگەن

ايدى . شو واقتنىڭ اوزىدە آمېرىكانىڭ بار
لىق مطبوعات اورونلرى دېگىدەك كوبلىگەن
مقالىلرىدا گومىنداڭ ترتيبىنى نالايق دەب
خراكتېرلىغان ايدى . گېزىتلەر گومىند -
داڭ حاكىمىيت اورونلرى آمېرىكادىن آل
غان قوراللارنى ياپونىيەگە قارشى يور گو
زولگەن اوروشقا ايشلىتىش اورنىغا بوقورال
لارنى ايچكى اوروشلاردا فايدىلىنىش او
چون توپلىماقدا دېگەن نەشويشلە قلغان
ايدى . 1944 - يلنىڭ برنجى نويابرىدا
« نيويورك تايمس » گېزىتى آمېرىكا طر
فيدىن بېرىلگەن ياردەملەر توختوتولىدو دې
گەن قورقوتوشى ارقىسىدىلا چونچىنىڭ كىمە-
نىب دائىرىلەر، ياپونىيەگە قارشى اوروشدا
اوزىنىڭ همكارلىقىنى قزشن ايلىب بېرىشقا
راضى بولغانلىقىنى تصديقلىگەن
ايدى .

حاضرقى كوندە گومىنداڭنىڭ اوكچىل
طرەفدارلرى خلق كوچلرىگە قارشى كو
رەشدە آمېرىكانىڭ يولىگى وە هر طرەفلىد
ە بېرىلگەن ياردەملرىدىن فايدىلانماقدا .
امدى ، ياپون باسقونچىلرىغا قارشى يور
گوزولگەن كورەشدە اوروشنىڭ بتون اغىر
لىقىنى اوز زىمەسىدە كوتەرگەن خلق آر
مىيسى وە خەلقچىل دائىرىلەرنى آلساق، او
لارنىڭ نامىغا بر قتار آمېرىكا مطبوعات او
رونلرى تورلوك اوبانسزلرچە سوزلەرنى
سوزلىمەكدە . مثلا: « خطاى خلقچىللرى
اوز اشىنى قلىب بولدى . امدى اولار
كەتسىمو بولودو ! » دېمەكدە . اوز وقتى-
دا دېگز ارقىسىدىكى بيوك جمهورىتكەشوز
چىلىك اومىدلەرنى باغلىغان خطاى ضيالى
لرىنىڭ وە كېيىلرى كوبلىگەن يىغنلاردا ايچىد
نشلق بلەن «منا آمېرىكانىڭ تەشەككورى !»
دېمەكدە .

خلقچل پارتييەلەر بلەن بولغان بارلق
كېلىشىملرنى ، اوستىگە آلغان وظيفەلەرنى وە
طنطنەلىك قەسەملەرنى بوزوب، گومينداڭ
نىڭ اوكچىل دائىرلرى 1916 - يلى يازدا
2 ملىوندىن آرتوق منتظم عسكرنى ، 2
مىليونچە « تنچلق ساقلاش قوشو نلرىنىڭ
سولداتلرىنى » وە بورونقى قورچاق ياپون
عسكرلرىنى خلقچىلق كوچىگە قارشى تاش
لىدى . ئېيولدىن اوكتەبرگىچە بولغان 4
آينىڭ ايچىدە 120 ولايت مركز لرىنى وە
باشقا شەهرلرنى اشغال قلدى . بولارنىڭ
ايچىدە كالگان ، آندون ، چىندى ، چيفك
وە باشقا شونىڭغا اوخشىغان اهمىيتلىك شەهر
لەر هم بار . اونلىغان تنچ شەهرلەر بوم
باردىمان قلندى ، كوبلىگەن يېزالار وەي
ران بولوب ، تنچ آهالىنىڭ اوى - مكانلرى
خانە وەيرانچلقغا اوچرىدى .

گومىنداڭ گېنىراللرى ، آمېرىكانىڭ
شانخەيدىكى اجتماعيونى روزبىگېرنىڭ خ
بر قلشىچە ، آمېرىكانىڭ قوراللق ياردىمى
بلەن خلق عسكرلرىنى آلتى آيدا تار-مار
قلىمز دەب ماختانغان . آلتى آى اوتتى ،
لېكىن ، خلق قوشونلرى تار - مار بو-
لوش بر ياقدا تورسون ، بلكى حاضر هر
قاچانقىدىن هم كوچلوگرەك بولدى . كا
مونىست پارتيەسىنىڭ آبرويى بوروقىدىن
هم آرتوغراق اوسدى . ملىتارىستلارنىڭ
قوراللق كوچلرىگە قارشى سان وە كوچ
جهتدىن اوسكەن 8 نجى وە 4 نجى انقلابى
خلق آرمىيسى ، برلەشكەن خلقچىل آرمى-
يە خلق پارتىزانلرى وە بر قتار اولكى-
لەردە قوزغالغان دېهقانلار قولىغا قورال آل
غان حالدا كورەش ايليب بارماقدا . بو
قوراللق كوچلەرنىڭ عمومى سانى 3 مىل
يونغا يتيب ، خلقنىڭ قزغين حمايىسىگە اي
گەدور . خلق قوشونلرى قوماندا نلقىنىڭ
وە كېيىلرى بەرگەن معلوماتلارغا قاريغاندا،
گومىنداڭنىڭ بەش آيلق ( ئىيول - نويا
بر ) هجومىدا گومىنداڭنىڭ منتظم آرمى-
يەسى ئەسىر چوشكەن ، اولگەن ، ياريدار

ئۇيغۇر كتاب تور بېكتى
ئۇيغۇرچە كتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



وە اوزلرى زلەب قېچب چققانلار بولوپ ،
350 مڭ عسكرى بوقالغان .

حتى 1946 - يلنڭ كوزبـدە خطاى
خلقچيللرى اچكى جانجاللارنى سياسى چا-
ريلار يعنى كيلشم يولى بلەن حل قلش
اوميدينى رەد قلشنى خاليميدى . خلقچيل
كوچلەرنڭ باشقارميسى قارشى هجومغا او
توشنى توختوتوب ، فقط مدافعە اوروش-
لرى بلەن چەكلەنگەنليكينڭ سببى هەمشو
بولسا كيرەك . گومينداڭ 15 - نويابر دا
ايچلىغان بر پارتيەليك « خلق يغيندى »
چاقرغاندين كيين احوال اوزگەردى . خلق
چيل مطبوعاتنڭ بلدوريشى بويىچە بو حر
يكتدە گومينداڭ پارتييەسيديكى قوليغا «او
روش » بايريغيني كوتەرگەن مستبد عن
صرلەرنڭ اوستونلوك آلغانلقيغا خلق اي-
شەندى نويابر آييدا خلق قوشونلرى گوميند
داڭ آرمييەسى قانچيليك شهرنى اشغال
قلغان بولسا ، شونچيليك شهرنى اشغال قل
دى . مثلا: نويابردە (خلقچيل قوشونلار
15 وە گومينداڭ آرمييەسى 17 شهر ) او-
لار شەنسىنڭ غربى قسميديكى خيلى چوڭ
ميدانني ، بەيپين رايونيديكى وە باشقا
جايلارديكى بر قتار جايلارنى قايتوروب آل
دى . نسين نسونڭ شمالى قسميدا 4-
آرمييەنڭ برلەشكەن كوچلرى ديكابر آيد
نڭ كيينكى يېرىميدا زور غالبييت قازان
دى .

نانكينديكى « ملى يغين » آساسى
قانون لايحەسينى تەكشورگەن بر وقتدا
مليتاريستلار شەنسى، گەنسو ، نڭشارا-
يونلريدنڭ چيگارا مركزى بولغان وە خطاى
كامونيست پارتييەسينڭ رهبرى اورونلرى
جايلاشقان يەنئەن شهريگە هجوم قلش او
چون عسكرلر توپليماقدا ايدى. گومينداڭ
قوشونلرى يەنئەن شهريگە هجوم قلش اوچون
جو اورونوب باقان .

بتون دولت بويىچە پوليتسيە عمومى
قاماققا ايلش اشلرينى يورگوزمەكدە. اوي
لەرگە كيريب ، « باشقا فكر » ديگيلەر
نى ايزديمەكدە . اونوڭ مخفى جاسوسلرى
خلقچيل ئەربابلارغا قارشى قرغنچيلق حر
كتلرى يورگوزمەكدە . جزالاش ايكيسپې
ديتسيەلرى قوللوق ترتيبينى يوقوتوشنى
طلب قلغان ديهقانلارنى آتماقدا . كۋانتون
دا " كامونيستلارنڭ كوز قارشيني ياق-
لاشدا " شبهەلەنگەن 3000 كشى قاماققا ا-
لينغان . خطاى ميهنەت آسسو تسيئاتسيە
( برلەشمە ) سينڭ بارلق باشلقلرى بو
پوليتسيە قرغنچيليغيدين قوتولوش اوچون
چەت ئەللەرگە كيتشكە مجبور بولغان. حتى
پوليتسيەنڭ بر مخفى جاسوس هونقونغدا
برلەشمەنڭ رەئيسى جوسوه فاني قوغلاب
ييتب قاتتق ياريدار قلغان . اوز حقوقلري
نى حيمايە قليب ، نمايش قلغان شانخەيدي
كى سوديگەرلەرگە قارشى پوليتسيە آفتو
مات وە پيليموتلارنى اشلەتكەن . خطايدي
كى اون مڭليغان ديهقان وە كەمبەغەللەر بو
يلقى قشدا آچلقدين اولوشكە دوچار بو
لماقدا .

بعضى بر جايلاردا آدم ييش اشلرى
هەم كورولگەن . بر قتار رايونلارديكى
خلقلەر يوز مڭلاب اوزلرينڭ مكانلر يني
تاشلاب ، باشقا جايلارغا كيتشكە مجبور
بولغان .

بتون دونيا خلقچيل جماعتلرينڭ بو حبط
لرگە قاراب قوشما شتاتلرينڭ خطايدا يور
گوزواتقان سياستيگە بەرگەن بهاسى عجب
لينەرليك اش امەسدور . حقيقتينى آلغاندا هەم بو
خطاينڭ تقديرينى حل قلغيدەك رولنى اوينايدو.
چونكى ديكلار اتسيەلەر بويىچە امەس ، بلكى
دونيا جماعتچيليگى آ . ق . ش . نڭ سيا
ستينى خطايديكى آميريكا وە كيللرينڭ قل
غان اشلريغا قاراب حكوم قليدو .

بو اشلار مستبدلەر تور كومبگە هەر

طرفلىمە اقتصادى ، حربى جهتلرىدىن ياردەم
قلشدىن عبارتدور. بو اشلار حقىدە آمىريكا
قوشونلرىنىڭ خطايدىن
چقرلىشىنى، مستبد كوچلەرگە ياردەم بير
شىنى وە اولارنى حمايە قلشنى توختوتوش
نى طلب قلغان خطاى اجتماعى تشكيلاتلرى
نىڭ كەلگەن قرارلرى نهايتى روشەن سوز
لەيدو .

بنە بو قوررىدىكى اشلار حقىدە 1946.
يلنىڭ دىكابر آيىدا كورونەرلىك آمىريكا
ئەربابلرى چقارغان وە سيناتور خلقچىل مير
رى ، جمهوريتچى فلاندىرس ، لاتتيمور ،
ريئا داللىس وە باشقىلار طرفىدىن امضالان
غان مراجعت هەم روشەن سوزلەيدو . بو
مراجعتدە : « قوشما شتاتلار آمىريكانىڭ
خلقچىل فكرىنى خطايدىكى اچكى اوروشدا
فقط بر طرفكىلا ياردەم قلش بلەن عملگە
آشو روشقا قو وەت بيرەلمەيدو » ديي
لىدو .

موندىن باشقا چەت ئەل مطبوعاتلرى
هەم بو اشنىڭ توغرى امەس ايكەنلىگىنى
كورسوتيدو . حقيقتدە هەم آمىريكا دائيرە
لرىنىڭ خطايدىكى سياستىنى كوزدىن كە
چورگەندە ، بو دائيرىلەر خطايدىكى ايچ
كى اوروشنى كوپەيتىشكە وە اوزاققا سو
زوشقا اومتولىدو ، خطاينى كوچسزلەندو
روب ، اقتصادى ، سياسى ترقياتينى بو
غوب ، حالسزلانغان مملكتنى اوزىگە بو
يون سوندورماقچى بوليدو .

آمىريكانىڭ رەسمى ديگلاراتسيە لرى
قوشما شتاتلارنىڭ خطايدىكى سياسى وە كيلە
لرىنىڭ حركتى بورون وە حاضرقى كوندە
ياخشيلق مقصدنى كوزلەيدو دەب كورسو
توشنى داوام قلماقدا ، اولار خطايدىكى دوش
مەنلەشكەن ايككى طرفنىڭ اوتتورسىدا واسي
طەچى بولوب اش ايلب بارماقدا وە گو
ميندا ائكنىڭ مستبد لاگيرىغا ماليە وە اقتصا
دى جهتدىن ياردەم قلىشى انسانيتچىلىك
مقصدىنى كوزلەيدو ديمەكدە . آمىريكا
قوشونلرىنىڭ خطايدا توروشى بولسا ، ياپون
لارنى چقرشقا ياردەم قلش اوچون بارلققا
كەلگەن ايدى دەب كورسەتمەكدە . اماه
آمىريكادىكى ، وە خطاينىڭ اوزىدىكى شونىڭ
بلەن بللە باشقا مملكتلردىكى جماعتچىلىك
فكرى آمىريكانىڭ خطايدىكى حركتىنى خطاى
خلقچىللرىگە قارشى ، بور گوزولگەن قوراللق
آريلىشش دەب بها بەرمەكدە ..

خطايدىكى اينتروينسيە ( قوراللق آر
ليشش ) نى عيبسز قليب كورسەتو توشكە
ترشقان كيينكى وقتلاردىكى اوچوق حركت
لرنى بەلگولەب اوتوش لازم تيپيليدو .
„ نيويورك گيرالد تريبون » وە برقانچە
آمىريكا مطبوعات اورونلرى بو اينتروينسيە
نى آقلاب ، اگردە اونداق بولمىسا ، « كا
مونيستلار بتون خطاينى ايگەللەب كيتيشى
احتمال » وە بو اشنىڭ « بتون دولت اوستيد
لدىن روس تەفتيشىنى اورنوتيشى " مكين
دەيدو .

بو بولسا بوروندىن بيرى آدەمنى زي
ريكتوروب كەلگەن توتوش بر ناخشادور !
اوز وقتيدا « قزل خوف » حقيدىكى بوناه
شاني توكيو مليتاريستلرى ئيتب ، اولار
اوزيەزنى وە بتون دونيانى كامونيزيم آفى
تيدىن ساقلاش اوچون بز خطاينى بيسبب
ايلشقا هەم او يەردە قورچاق حكومت تو
زوشكە „ مجبورمز " دەب ئيشەندوروشكە
تريشقان ايدى .

حقيقتدىمو خطايدىكى بعضى براولار
سوويتلەر اتفاقيغا قارشى اغوا يورگوزوش
لدىن فايدىلانماقچى بولغانلغىنى ، كيينكى

وقتدا « چینی باو » ، « شینجوڭ خواژیباو » اوخشاش مستبد گومینداڭ تور كوملری طرفیدین تەفتیش قلنغان گیزیتلەر یوزیدە یورگوزولگەن بوهتان وە خولیگەنلیكلربەن تصدیقلیگیلی بولیدو . بونی مانجوریەڭ جنوبیدیكی چانچون تمور یولیدا اشلیگەن سوویت خذمتكارلریغا قارشی یورگوزولگەن زورلوق وە سفشلار تواوق تصدیقلەیدو . حتی بعضی بر وقتلاردا خطای ملیتاریستلری طرفیدە اشلیگەن باسمیچیلار سوویت فقرالرینی اولتوروش دەرجیسیگیچە یەتكەن .

خلق آرا ترقییاتنڭ آساسی احوالی وە خطاینڭ اوزیدیكی حربی - سیاسی احوال خطای مستبدلرینڭ پلانلری قوم اوستیگە قورولغانلیغینی كورسوتودو .

بتون جهان بوییچە ، حاضرقی كوندە خلقچیلق وە ترقی پەروەر كوچلەرنڭ عمومی یوكسولیشی شەكسزدور . آمیریكا خلقی وە اونڭ خلقچیل جماعتچیلیگی بارغانسیری خطای مستبدلریگە یاردەم قلشقاغا قارشی چقیپ ، بو عمومی ترقییاتدا خیلی یوقارقی اورونداتوریدو . خطاینڭ اوزیدە خلقچیل كوچلەر آزاد قلنغان جایلاردیكی آلپاوت یەرلرینی دیهقانلارغا بولوپ بیرش نەتیجەسیدە دیهقانلار آراسیدیكی رهبرلیك رولینی چیقیتدی .

سی چوەن ، خەن وە باشقا بر قتار اولكیلەردە ئیزیلگەن آچ ، كوب ارن محلیغان دیهقانلار یەر ئیگیلریگە قارشی كورەش بابریغینی كوتەردی . اولار مستبدلر آرمیەسیگە ایچیدین قورقونچ توغدورماقدا . خطاینڭ كەڭ جماعتچیلیك دائیریلری وە بایلار صنفی خلقنڭ حیات منفعتیگە ضربە بەرگەن گومینداڭنڭ تاشقی سیاستیگە بارغانسیری كەسكین قارشی چقماقدا .

شونڭ بلەن بر وقتدا خطاینڭ آساسی خلقچیل قورالق كوچلری ایچكی وە تاشقی دوشمەنلرگە قارشی یورگوزولگەن ایغر كورەشلەردە ، كیینكی بر ییریم یل ایچیدە ، بوشوشوش بر یاقدا تورسون- اولار كوچەیمەكدە وە اوسمەكدە .

موندین 50 یل بوروون آمیریكانڭ دوات كاتیبی خەی توبەندیكی مشهور سوزلرنی اینقان ایدی : « دونیادیكی كورەش بورانلرینڭ مركزی خطایغا كوچدی . بو بیوك دولتنڭ اشلرینی چوشەنگەن آدەم كەلگوسیدیكی 500 یللق دونیا سیاستینڭ آچقوچیغا ایگە بولیدو » .

خەینڭ بو سوزلری قانچیلیك چوڭقایتب كورسوتولگەن بولسیمو ، هەر حالدا آمیریكانڭ وە چەت ئەل ئەربابلریغا خطای خلقینڭ اشلرینی چوشونوشكە وقت بولسا كیرەك . بیوك هیندستان خلقلرینڭ وە باشقا مستملیكە وە یریم مستملیكە خلقلرنڭ آزادلق حركتیگە اوخشاش بیوك خطای خلقینڭ هم سیاسی اویغونیشینی ، مستقل ، آزادلق وە ترقییاتقا بولغان اومتیلوشلرینی یوق قلشقا ممكین امەس ایكەنلیگینی توشونوشكە وقت بولمیدیمو ، خطای خلقینی زورلوق بلەن باستوروش اوچون وللونولغان هەر قانداق چارلار خطایدا ایچكی قان توكولوشلەرنی شەكسز بارلققا كەلتوریدو وە بو احوال خلق آرا قاریمو - قارشیلق توغدوروپ ، نەتیجەدە خلق آرا تنچلق وە بی خطرلیككە خوف سالیدو .

( « یڭی وقت » ژورنالیدین )

# اولكولوك حكومت رەئیس معاوینلری احمدجان قاسیمی بورهان شهیدی باش کاتیب عبدالکرم عباسف حکومت اعضالری رحیم جان صابر حاجی ، محمد ایمین حضرت صیف الدین عزیزوف جنابلریغا !

هر - برلریگز گه سیغنشلیق سلام لریمزنی بلدورشیمز بلەن سزلەرنك سلامتلیکیگزلەرنی بر اللەدین سورایمز . شونك بلەن سزلەرنك اورومچیدە بولوب وتکەن وەقیعەلەر خصوصیدا تنچیلققادەعوەت قلیب چقارغان مراجعتلریگز دین تولوق واقف بولوب ، اونی اوروندلاش اوچون تەیار ایکەنلیگمزنی بلدورمز .

11 مادديلق پوتوم امضالانغاندین بویان تشکیلاتیمز اوچ ولایت خلقی وە حکو مت اورگانلری بلەن برلکدە پرتو منی ایجرا قلشدا اوستیمزگە یوکلەنگەن بار لق وەظیفەلەرنی ، تنچلق آساسیدا تو لوق اورونداب کیلیواتیمز . پوتومنی حما یە قلش - تشکیلاتیمزنك 9 آیدین بو یان قلیب کەلگەن خزمتلرینك ایچیدە علا حیدە اهمیت بیریلگەن نقطیسی بولوب کەلدی . سزلەرنك مراجعتیگزلەردە کور سوتولگەن بارلق اشلارنی بزپوتوم بولغان کوندین بویان تولوق ایجرا قلیب کیلیۋاتقانديمز .

لیکین باشقا ولایتلردە پوتومنك ایجرا قلنمایواتقانلیغی توغورلوق خلقیمز اوزاقدین بیری قاخشاب کیلیواتقان بولسیمو ، سایلام حرکتلری واقتیدا پوتومنك خطای مستبد عەملدارلاری وە اولارنك حما یەسیدیکی خەلق دوشمەنلرینك قارشیلغی بلەن حقیقتاً هەم ایجرا قلنمیغانلیغی ، مرکزی حکومتنك اینابتلیك وە کللری آلدیدا تامام آشکارە بولدی . پوتومگە قارشیلق قلشنك - خلقچیلقنك یور گوزولمەسلکیگە مەرکەزلەشکەن رهبرلیکنك بارلیغی کوبدین بیری بیان قلنغاندا ، انکار قلغان بولسیمو اوروەچیدە فیۋرال آخریدا او یوشتو رولغان عکس الحرکتچل نمایشلار ، حکو مت ترکیبیدیکی سیز خلقچیل طرفدار لارغا قلنغان سوءقصدلەر وە توغدو رولغان فاجیعەلیك وەقیعەلەر نەتیجسیدە خلقنك ئەندیشەسی امدی انکار قلش مەمکین بولماس لیق دەرەجەدە آساسلیق بولوب چقتی . بتون شرقی تورکستان بویچە حرکت قلیب بوکونگیچیلك اولکولوك حکومت کە بویسونماسدین خلقچلققا ئەرکنلککە قارشی حرکت قلیب کەلگوچیلەرنك حما یەچیلری وە الهامچیلری اوروەچیدە ایسك

مسئول اورونلاردا اولتوروب رهبرليك قليد
وانقانليغيني وه مليونليغان خلقنك عذاب چيد
كشيگه آساسي سبب بولوشيني اثباتلاب اول
توروشنك هيچ بر حاجيتي قالميدى .

پوتومنك آساسي شرطلري بولغان
خلقچيلق ، برابرليك ، ئەركنلككه ، تنچ
لققا قارشي اوچوقدين اوچوق هجوم يور
گوزولگەنليگي بزني نهايتي غضبلەندورو
دو . اوتكەنكيدەك خلقني آلداب حقيقتني
يوشوروب ، حاكميت يور گوزوش كەك
امكانيتدين بوگونكي كونده تمام آجراب
رەسوا بولغان ، مونلدين كيين حاكميت
بيشيدا قيلشيلر يغا كوزلري يەتمەسدين بوز
غونچيلق بور گوز گوچي بوغالجر ليغان
ييگي فاشستلارنك تيلبگي فقط سو قوش
بولسا كيرەك . اولار حربي كوچكه وه
شرقي تور كستان خلقلريني بولوبەو ملت-
لرني اوتكەن واقتديكيدەك اوز - آرا او-
روشتوروب قويوب ، آريدين فايديلينب
بولودو — دەب ايشەنسه كيرەك . بولميد-
سا ، تنچلق پوتوم آساسيديكي خلقچلق
طرفدارلارغا ، بتون شرقي تور كستان
خلقلرينك وه كللاريگه قارشي نمايش اويوشد
توروب ، اولارغا سوء قصد قلشيديكي وه
قانلق واقيعه توغدوروشديكي مقصدي نيمه ؟
اغوا فتنه تارقتيب ، خاديواك ، جانيم قان ؛
ساليس ، زاكچين ، عزيزه خانملارغا اوخ-
شاش غالجرليغان اشتلارني قويوب بيريب ،
ملتلر آرا دوشمەنلك ، زيديەت وه بول-
گونچيليك قوزغاشقا اومتولوشدين مقصدي
نيمه ؟

بتون اولكه خلقي اوز حقوقيني
تاپشورغان اولكولوك حكومتنك حقوقلر يغا
تجاووز قلشديكي مقصدي نيمه ؟

بتون اولكه بوييچه خلقچل عنصر
لەرني هيچ برتارتنماسدين قاماش - اولتو
روشدين مقصدي نيمه ؟ نەچچه ملك عسكر
تورغان شهرده قورالق بولاكچيلقنك شوند
چه ئەوج ايلشينك سببي نيمه ؟ بەلكم سو
قوش - قان پوربغي بالەن شرقي تور كس
تان خلقيني قورقوتوب آزادلقدين واز كيد
چيشكه مجبور قليمزدەب اويليسا كيرەك ؛
او - خام خييال ... !

خلقيمزده برمقال بار : « قوللوقدا
ياشاشدين مردلەرچه اولگونلك اعلا » ديگەن.
بوسوز آتا - بوويلريمزدين قالغان ميراث.
نه سيجه تدور . بز قوللوقدا ياشاشني
هرگيز خاهليمايمز .

شرقي تور كستان خلقي سزلەرنك
رهبرليكيگزلرده پوتومني ايجرا قلشقا هەر
دايم تەييار . خلق قان توكوشني خاهليماي
دو . بويولدا هيچ اغوا فتنەگه ئەرگەش
مەيدو . براق پوتومني قالغان 7 ولايتده
هەم ايجرا قلش كيرەك . سزلرنك تاپشو
روقلريگز بوييچه 7 ولايت خلقيمو عذاب
قا چيداب ، سزلردين اوميد كوتوب ،
پوتومگه ريعايه قليب كيليواتيدو . اه-
وال موشو حالدا داوام قلسا ، 7 ولايتدي
كي قان قيرپنداشلارنك وبالي كمگه بولو

دو ؟ بونوڭ تاریخ آلدیدیکی جوابکارلیقی
کمدە بولودو ؟ پوتومگە خلافلق قلغوچیـ
لار کمگە وە کالالتلیك قلیب اوزلرینڭ بوز
غونچیلق حرکیتینی یورگوزیدو ؟ مر
کزی حکومت وە کیلی وە حکومت رە
ئیسی جاڭ بوجاڭنڭ سوزیگە قاریغاندا :
پوتومگە قارشیلق قلغوچیلار مرکزی حکو
متگە وەکیل بولالمایدو هەم مرکزی حکو
متنڭ دوشمینی بولودو » دەیدو . آنداق
بولغاندا خلق نەفریتیگە اوچریغان ، پوتوم
گە خلافلیق قلغان حربی ، ملکی ، مامو
ریلەرگە نیمە اوچون چارە کورولمەیدو ؟
خادیبوالغ، جانیم قان ، سالیس ، زاکچین لەر
گە هەر طرەفدە خلق قارشی آواز بیرشکە
قاریمای نیمە اوچون حکومتدین اورون بیر
لیدو ؟ عزیزە خانم نیمیچی ایکەن ؟
یولبارسنی کیم چاقیردی ؟ قایسی خلق
اونوڭغا حقوق بەردی ؟ پوتومگە قارشی آ
دەم مرکزی حکومت دوشمینی بولسا ،
یوقورقی بوزغونچیلار قاندافلار چەمر
کزی حکومتنڭ دوستی بولوب قالدی ؟
حربی عسکرلرنڭ اولکولوك حکو
متگە بوی سونماسلیغی وە اونی حقارەتلیـ
شی کوبدین بیری معلوم . مرکزی خـ
طای حکومت وەکیلی بولغان جاڭ بو جاڭ
جنابلیری اولکولوك حکومت رەئیسی هەم
غربی شیمال قوماندانی بولوب تورغلوق
بولارنڭ خلقچیلقغا قارشی حرکتیگە نیمە
دەپ چەك قویمایدو ؟ یاکی خطای حربیلری
اوز باشلقلریغا بوی سونمامدو ؟ منتظم
عسکرلر موتچیلك باش - باشتاقلق قلسا ،
خلق نیمە قلسا حقلیق بولوب قالامدو ؟
موندداق آلارخیە کورولوپ توروپ ،
بول قویولوب بیریلسە ، وطینمزدە قالاداق
خلقچیلق بولسون ، قالداق ابدی تنچلق
بولسون ؟

سویوملوك رەهبرلەر !

پوتومدین کیین وطینمز بوییچە
بولوب اوتکەن وەقیەلەر ، خصوصا اوروم
چیدە اوتکەن وەقیەلەر بزنی موشوخطنی
ییزشقا مجبور قلدی .

ینە تکرارلایمز - بز انقلابچیل یاش
لار تشکیلاتنی اعضالری دائمدین پوتومنی
ایجرا قلشقا وە حیمایە قلشقا تیارمز . بز
تنچلقنی خالایمز . لەیکین تشکیلاتیمز قور
ولشدین بویان خلقچلق تولاوتی عملگە آشمای
توروب دولت آپاراتلیری ، عکس الحرکتچی ،
تار مللەتچی ، خلقچلققا قارشی عنصرلار
دین تازیلانمای توروب ، عمومی تنچلق اور
نوتوش مەکین امەس - دیگەن مەوقیەدە
توروب کەلمەکدە . اوتموشدیکی ظالیم
حاکمیت طرفدارلرینڭ ساقلینیب قلبنید
شی نەتیجەسیدە 9 آیدین بیری پوتومنڭ
عملگە آشماسدین ، اورومچیدە کیینکی
کونلەردە توغولغان وەقیەلەر بزنڭ شو
قاریشیمزنڭ توغریلغینی یەنە برقدەم اثباتـ
لیدی .

سزلر تنچلققا چاقیرسزلر . خلقیمز
قاناریدا تشکیلاتیمز موقبول کورودو .

ليكين قانلق وافيعەلەرنڭ ايككنچى مرتبە توغولماسلىقى وە ظلومنى ايليب تاشلاش اوچون ايڭ آووال عكس الحركتچيلرنى حكومت اورونلريدين چقريب، حكومت اورونلرينى تولوق خلقچللاشتوروشى كيرەك. بونوڭ اوچون اورومچى خلق نمايشينىڭ طلبينى تزلكدە قطعى عملگە آشوروشلريمز مطلوبدور. بولميغان تقديردە — عكس الحركتچى عنصرلەر اورنيدين فايدىلينب دايم تنچسيزلق توغدوروب مركزى وە اولكولوك حكومت طرفيدين يول قو- يولىشى آرقيسيدا ايچكى اوروش چقسا اونوڭغا خلقيمز جوابكار بولمايديغانلىقى اينق مسئيلەدور.

خلقچىلاق - برابرليك، حرليك اوچون بولغان كورەشلريمزگە تخيەوچوڭ اوتوقلار تيلەپ

حرمت ايلە:

شرقى توركستان انقلابچيل ياشلار تشكيلاتى

مركزى قوميتا رئيسى: سعد الله سيف اللەيف.

هيئت اعضالرى: بوقارا تشقان بايف، عبدالسيد، جاودەلين، داششاب منجورو، يعقوب بيك داداخانف، عبداللەزا كيروف، اسعد اسحاقف، محمد ايمن ايمينوف، نور جمال هاشيروا.

1947 - يل 3 - آى 25 - كونى.

# اويغور خلقينىڭ دانالق قهريمانى وە قوشاقچىسى صادير پالوان

صادير پالوان تەخمينەن 1798 - يلى غولجا شهرنڭ موللا توختى يوزى يزسيدا ديخان آئيلەسيدين تغولغان.

صادير كيچيك واقتيدين تارتيپلا تيتيك، چاققان وە اشچان بالا بولدى. او ئەگەكچيلارگە كويومچانلق قليب، دائيم اولارغا ميهرى - شفقت قلشنى ارزيىداقى آلديىقى وظيفەسى دب بلەتتى.

صادير ياش چيغيدا اوز يزيسيداكى اطرافيدا پادا بيقيب يورگەن كونلارينڭ برسيدە پاديچى آغينيلارينى چاقريب، كالا توسايديغان قسقا كالتەكنى اولارغا آ — ديغا تاشليديك:

— باللا! بو كالتەك بلەن مينى اوروڭلا! — ددى.

پاديچيلاردين برسى عجبلينيش بلەن:

— سەن بزگە يامانليق قلميسەڭ، نيمە اوچون سيني اوريمز؟ - ديدى.

— مەن سيلەرگە يامانلق قلميغان بلەن داريلارغا يامانلق قلشنى اويلاواتيمەن: البتە بو يامانليغم اوچون كالتەك يەيديغانلىغمنى اسلەيمەن. شونوڭ اوچون تينمنى آووال پاديچينىڭ كالتيگى بلەن تاوليمەقچيمەن- ديگەن ايدى، صادرنڭ بو گەپيگە اطرافيديكى بتون پاديچيلار كولوشوپ كەتتى لەيكن پاديچيلار صادرنى اوروشدين باش تارتشتى.

صادر بو سوزينڭ چاقچاق امسليگينى اطعيەنلك بلەن دوستلاريغا اوختورغان

دین کیین ، ابریق بویدا سوزولوب
یاتتی . وه اوروشقا امر قلدی . شوندین
کیین پادیچی بالا بر بیرنینک کهینیدین بری
نوبت بلهن صادیرنینک پوتیدین تارتیب ،
بیشیغیچه کالته کلهپ چقتی . بو وقتدا صاد
دیر ایککی موشتینی توروب ، چیشینی
کریشتوروب :

— هم . . . هم . . . صادیر ، چیدا ،
پادیچی‌نینک کالتیکیگه چیدایمه‌سه‌نک ، خطاینینک
عذابلریغا قانداق چیدایسه‌ن — دهتتی .

صادیر یاشلیق وقتیدین تارتیبلا خطای
خانلیغی حاکمیت قول آستیدا خلقنینک ای-
غر ظلوم تارتیواتقانلیغینی کوره‌ر ایدی
او ، خلقینی بو ظلومدین قوتقوزوش و
چون بردین — بر چاره کوره‌ش ، ایکه‌نلی
گینی بلهتتی وه کوره‌شده خطای منصب
دارلارینینک قولیغا چوشوب قالسا دهشتلیک
عذاب کوریدیغانلیقینیمو آلدین سیزه‌ر
ایدی . شونونک اوچون او ، بدنلرینی خ-
طای زومیگه‌رلریدین یه‌یدیغان کالته کله‌ر
اوچون تاولیغان ایدی .

صادیر اوسوب توچی ییگت بولوپ
آنالغان وقتلاریدا خطایلارنینک ظلومی یه‌نه
حددین تاشقیری ایشب کهتکه‌ن.

خصوصا = ییزدیکی دیهقانلار خطاینینک
ظلومینی حددین آرتوق تارتیواتقان‌ایدی.
دیهقانلارنینک یار بویی تهر توکوب محنت
قلیب آلغان حصولی خطای منصبدار
لرینینک آلوان — یاساقلریدین آشماتتی .
حتی دیهقانلار دهن بیرش اوچون آخرقی
بر جوب اوکوزینی وه بالالریغیچه سیتیب
بیره‌تتی ، یه‌ر تره‌لمه‌ی ، دهن قریالمیغان
دیهقانلار خطای زندانلاریدا هیچ چیداپ
بولماسلیق ده‌ریجیده عذابلیناتتی . اومور
بویی زندانلاردا یتیب‌ئولوب کیته‌تتی . شو.

نونک اوچون بهر تیرلمیگه‌ن وه دهن قویال-
میغان دیهقانلار قاچق حالدا ... ون کوچه-
روشکه مجبور ایدی .

قاچاق دیهقانلار قتتق ـ قورروق تاغ-
لارنی سوقوپ ترلوهغا سیلیپ ، ایقیا
لارنینک توروسلریدا ساقلایدو . اولار د-
ئیم شهر طرفکه تورت کوز بلهن قاراپ
توروتو . اگر ده خطایلارنینک لوزوک وه یا
بیلری ده‌ن هایداپ چقواتیدو ، دیگه‌ن
خبرنی اشتکه‌ن هامان توامدیکی اوزوق-
لارینی ایلیپ ، ایتیز وه تاغ یاقلریغا
قاچاتتی .

صادیر خلقنینک تارتیواتقان بو ایغر
کونلرینی کوروپ‌تهاییتی قاتتق ایچینهتتی
او خلقنی بو ایغر حیاتدین قوتقوزوش
اوچون قانداق چاره قلشنی اویلهتتی .
ظلومدین قوتولوش اوچون استبداد ماکی
میتیگه قارشی قوزغیلاک کوتوروش لازم
ایدی ، لهکین قوزغولانک اوچون خلقنی
اویوشتوروش وه اولارغا قورال ، اولاغ وه
اوزوق لازیم بولاتتی . صادیر بو نرسی-
لهرنی قانداق موجود قلیشنینک چاریسینی
تاپالماتتی .

صادیر اوله‌نگه‌ندین کیین بر کونی
اونونک خوتونی دادیسینینک اویگه چومهلهپ
بیریپ قونوپ قالدی . صادیر شو کونی
قهین آنیسینینک اییگه چوشلوک تاماقا بار-
دی شو وقتدا خوتونیغا بیرنچی قیتم —
رینی ایتتی :

— مهن بوگون ییریم کیچه بلهن کی-
لیمهن . سهن اشکنینک ایلغورینی سالمیغین
داداملنک ایگه‌ر توقومینی یوسوقینینک تورو-
گه قویوپ قوی . خوتونی بو سوزگه تهج-
لهنیپ :

— نیمه قلماقچی بولیسز — دهپ سو-
رایدی .

— نیمە قلیشمنی اوزم بلیمەن.

صادیرنڭ بو وقتدیکی جددی احوا-
لینی کوروب خوتونی اونوڭدین چوچید-
دی وە ناراضلیق برقیافتدە سوزسز توروب
قالدی. صادیر اونوڭ ناراضلقینی سیزیب،
یومشاق بر معاملیدە اونوڭغا چرشەنچە
بەردی.

میڭ ایشمغا عجبلەنمە، حاضر خە-
لق بولسا، حدیدین تاشیری قیینچیلققا
قالدی. یورت ایچیدین بر قانچە کشیلر
تاغ آریلریدا قاچاق بولوب یەریدو. او-
لارنڭ حالیدین بو خبر ایلیب کەلمەکچی
ایدیم. لەیکین مینی بارغیدەك اولاق
یوق. شونوڭ اوچون بر گون کیچە دادام-
نڭ ایتی بلەن تاققا چقب کیتیمەن.

دیگینیدەك شو کیچیسی صادیر اوید-
دین خوشلوشوپ چقب کەتتی. اونوڭ
خەلق غیمی یولیدا برنجی قیتم آتلینیشی
ایدی. شوندین کیین صادیر قاچاقلار
آریسیدا خطای استبداد حاکیمتیگە قار-
شی نفرتلیك تویغو قوزغوتوشقا باشلیدی.
تو، آچ یالیڭچ قالغانلارنی تعمینلەش او-
چون بەرلیك خەلق حسابیغا بییب آغان
خطای گیزەندیلرینڭ، جزانیخورلارنڭ
توپلیغن بایلیقینی کیچیلری هجوم قلب
تارتب آلاتتی.

بو وایلارنڭ سوزلریگە قاریغاندا او،
شونداق تاغ یورەك، قورقماس
بولغانکی جزانیخورلار اونوڭ
قارام وە پهلیوانلقدین قورقوب، اوز دوز
بالرینی، اولاغلری بلەن صادیر کورسەت-
کەن جایغا یەتکوزوب بیرەتتی. اونوڭ پە-
لیوانلیقی توغورسیدا خەلق عجایب واقیعە
لەرنی سوزلەیدو.

صادیر اوزینڭ کەینیدە ایزلەب یور
گەن خطای چیریك ازبلدین وە منصبدار
لاردین هیچ قاندق قورقماسدین بیزا وە
شهر کوچیلریدا یورووبرەتتی. او شهر
گە کرگەندە آشپەز خزە اوچاقلری آلدی
دا وە کوچیلاردا دولیسینی قوروب یور
گەن بیچاریلەرنی کوروب قاتتق ایچیناتـ
تی. کوب واقتلاردا اولارنی ییەیب ای-
لیب، آشپوزولدا تویغوزوب پولینی تولەب
چقیب کیتەتتی. شونوڭ بلەن یوقسوللار،
بیچاریلەر کوڭلیدە صادیرغا محبت تویغو
لری اویغوناتتی. بو واقتلاردا خطای عمل
دارلاری، تیکنخورلار اونی «اوغری»
دیگەن نام بلەن یوروتسە، ایزلگەن بیچارە
خلق اونی صادیر پهلیوان دیگەن نام بلەن
آتیغان ایدی.

صادیر خلق قهریمانی بولیشی بلەن
اوستا مەرگەن وە خلق قوشاقچیسی ایدی.
تاغ آریلریدا یورگەن چاغلاردا اونی تو-
توش اوچون خطای عمدارلری قوراللق
چیریکلر چیقاراتتی. صادیر اولار بلەن تو
قونوشقاندا عجایب مەرگەنلیگینی کورسو
تەتتی. بو توغریدا اوز طرفیدین ایتلغان
مونداق قوشیقی بار:

آت میندیم کورەڭ قاشقا
سەکرەتتم تاشدین تاشقا
صادیر آتیدو باشقا
خطای آتیدو تاشقا

بو شیعردین صادیرنڭ تاغ آریلریدا
آت چیپیب یورگەن اوستا مەرگەن ایکەن
لیگینی آڭلاش تەس امەس.

صادیرنڭ قهریمان وە مەرگەنلیگیدین
قورققان خطای چیریکلری او بار جایغا بر
تاپانمو آتلاب کردلەیدو. اونڭ نامی آڭ
لانغان چاغدا قورالق خطای چیریکلری
خوددی بەزگەك آدەمدەك تیترەب کیتەر
ایدی.

صادیر اوروش تاکتیکالرینیمو یاخشی
بلیدو. تاش آریسیغا یالغان آدەملەرنی یا
ساپ قویوپ، خطای چیریکارینی آلداب
تاشقا آتقوزیدو، اوزی ئەپلیك جایغا کی
ریب ایلیب خطایلارنڭ پیشانیسیگە ایتب
اولارنی ئالپاقعەك چوشوروتیدو.

صادیر پالوان اوز ییریسیغا کەلگەندە

جماعەتلەرىگە خلق اوستىدىكى ظلوم وە اي-
هرچىلىقلارنى سوزلەپ بەرەتتى . او' اوس-
تا خلق قوشاقچىسى وە غەزەلچىسى بولغىد
نى اوچون مستبدلىك ھاكىمىيەتنىڭ ظلوم
لەرىنى قسقا سوزلەر بلەن كەڭ معنا آڭ
لىتىدىغان قوشاقلارنى توقوب ، خلق ارى
سىغا غەزەل قلىپ تارقىتاتتى .

او' تاغدىكى حياتى توغورسىدا موڭ-
داق دەپ قوشاق ايتقان :

خطادىن قېچىپ يوروپ ،
تاغلارنى مكان قلدوق .
قوساقلار يامان ايچىپ ،
شالوارنى كاواب قلدوق .

*

شالوارنى كاواب قلسام ،
بر تاتلىق بيغر بولدى .
تاغلاردا قېچىپ يوروب ،
آتلەريم بيغر بولدى .

او يەنە اوز يېزىسىدىن آيرىلىپ قا-
چاق ياكى توتقون بولوب قالغان بيچارەدېھ
قانلارنىڭ عائىلەسىدىكى كىچىك باليلارنىڭ
ايچىنشلىق احواللىرىنى نهايتى اوستىلىق
بلەن چېرايلىق قوشاق توقوب اوختورۇ-
لمو :

ياش بالالارنىڭ اويناشى ،
اولتورغان تونور باشى .
قولىدا ژيتق ياغلق ،
توختىماي دو كوز ياشى .
ياموڭنىڭ ياغاچلارى
قارا ، آلا ـ آلماچ
بز ياولدا ياقندا
باللا قالدى يالىڭاچ

صادرنىڭ قەرىمان بولوشى بلەن برگە
اوناقى خلق قوشاقچىسى وە غەزەلچىلىك
خصوصيەتلەرى ئەمگەكچى دېھقانلار آرسىدا
شهرەتىنى توتورەتتى .

شوڭنىڭ بلەن صادرنىڭ داڭقى - شهرى
تى خلق ايچىدە كون ساناپ اوسوشكە
باشلىدى . بو تاغ يورەك قەرىمان وە خە
اق شاعريدىن اوڭنىڭ زامانداش پهليوان-
لەرى تەپ تارتاتتى . شرطسز اوڭنىڭ بوي
ريشان اشىنى بجرشكە تەييار ايدى. خلق

ايچىدە موڭداق شهرەت قازىنىۋاتقان تاغ
يورەك قەرىماننىڭ خطاى عملدارلارىغا قو-
قونوش توغدورغانلىقى ئېنىق ايدى . شو-
نىڭ اوچون بو وقتدا خطاى عملدارلرى صا-
دېرنى يوقوتوش غەيىدىن بر مىنوتمو تىن-
رى امەس ايدى . براق اونى قاندا-
قلىپ توتوش چارىسىنى تاپالماتتى . چوڭ-
لكى خلق اونى اوبدان كورگەنلىگى او-
چون خطاى عملدارلرىغا توتوپ بەرمەز-
تى .

بر كونى صادر مەردلەرچە غولجە
شهر ايچىدە سەيلى قليپ يور گېنىدە شەھەر
خلقى اوڭنىڭ كەينىدىن توپلو شوب ، ئەر
گيشب يورەتتى . بو وقتدا كورە جاڭجو
ڭى اوڭنىڭ مردانىگيدىن قايدىلىنىپ ، جاڭ
جوڭ يامولىغا كىلىشىنى اوتونوب اوز كىش
سىنى ئىوەتتى . صادر هيچ ئەيمەنمەسدىن
ئەپىگە چوشوب كورە جاڭ جوڭى آلدىغا
جونەب كەتتى . شهر ايچىدىكى بتون خلق
صادرنىڭ اوز اختيارى بلەن كورە جاڭ
جوڭى آلدىغا بيرىشىنى خوفلىك دەپ حيس
قلشتى . بو تخمينەن 1858 . يلى ايدى .

صادر مردلەرچە كورە سېپىل دەروا
زىسىدىن كرىپ بارغاندىن كيين سېپىل
اطرافىغا يوشورونغان يوزلەب خطاى چې-
ريكلرى اونى اوراب آلدى وە جاڭ جوڭ
بلەن اوچراشتۇرماستىنلا اونى زندانغا-
ليوەتتى .

صادر سورانسز 12 كون زنداندا
قاميلىپ ياتتى . اوڭنىڭ اوز اختيارى بلەن
كيلشدىكى مقصيدى جاڭ جوڭ بلەن خلق
احوالى توغورسىدا سوزلەشمەكچى وە
خلققە قلغان ظلوملرىنى برمو . بر اوڭنىڭ
بوينىغا توپوپ بەرمەكچى ايدى لېكىن
ايش بو آق كوڭول مردنىڭ اويلىغىدەك
بولوپ چقمىدى جاڭ جوڭ نامردلىك قلغانلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



غى اوچون او غضبكه كەلدى · ئامالغان كو
نينك 12 - كيچيسى زندانىنك توڭلوگي
نى پاچاقلاپ چقىپ ، غولجه شهريگه بيئب
كەلدى · شو كيچيسى تاڭ آتقاندين كې
بين صادىرنىڭ زندانىنى چيقىپ ، قاچقانلىقى
جاڭ جوڭغا معلوم قلندى . جاڭ جوڭ
بو خبرنى آڭلاپ نهايتى غضبلەندى .
ينه بر چيتيدين قورقوپ تيترىدى . شو
نىڭ اوچون او · ئييقتەك وافيراپ ، اوسە
تەلگه اورغاندا موشلرينڭ آغير غالديغينيمو
بلمەى قالدى .

جاڭ جوڭ صادىرنىڭ چىشيغاتيگيپ قوي
غانلىقيدين اونڭ يەنيمو غضبليگردك كو
رەشكه آتلنشيدين چوچيدى . شونڭ او
چون آلديراشلق بلەن صادىرنىڭ ييزيسيغا
يايىلارنى وه قورالليق چيريكلەرنى ئيوەت
تى . اگرده صادىرنى قولغا چوشورەلمىگەن
تقديرده ، خوتون ، بالا چاقالرينى توتوپ
كيليشكه بويروق قلدى · جاڭ جوڭنڭ قو
رالليق چريكلرى صادىرنىڭ ييزيسى بولغان
ملاتوختى يوزيگه بيريپ ، صادىرنى تاپال
ميدى . بو وقتده صادىرنىڭ خوتونى توره
( بولوس ) · دەرا قولى ، آللا قولى ،
كيرەش ، بارات ديگەن اوغوللرينى چوريسيد
گه ييغيپ ايليپ ، آنيسى صادىرنىڭ زنداز
غا چوشوپ قالغانلىقى توغورسيداسوزلەپ
بيريپ ، ييغا - زاره قلشماقدا ايدى . بو
چاغدا تويوقسزدين اويگه خطاى چيريكلرى
كيريپ كەلدى .

يايىلاردين برسى صادىرنىڭ خوتونيد
دين ابريىنى سوريدى . صادىرنىڭ خوتو
نى 25 كوندين بيرى صادىرنىڭ اويگه كەل
ميگەنلىگى وه شونڭ اوچون باللرينڭ ييغا -
زاره قلواتقانلىقينى اوختوردى . آمما بى
رەحيم يايىلار اولارنىڭ سوزلريگه هيچ قاز
لاق قولاق سالماسدين ، صادىرنىڭ خوتونى
نى باغلاپ ، خطاى چيريكلرى بلەن جاڭ
جوڭنڭ آلديغا ايليپ كەتتى . محلەخلقى
بو واقيعەگه قاتتق ئيچيندى . صادىرنىڭ زار
زار يغلاواتقان باللرينى يوپوتوپ ، رەحيم
شفقت قلشدى , صادىر شو كونى نمازدي
گەر بلەن اويگه يتيپ كيليپ واقعەنى آڭ
لميدى . غضب بلەن كوره گه آت سال -
دى .

صادىر جاڭ جوڭنڭ آلديغايولواسدەك
دەسسەپ كيريپ كيليواتقاندا اونڭ خوتو
نى داناڭدا سورافقا تارتيلىپ ، عذابلانماق
دا ئيدى . تويوقسزدين صادىرنىڭ بو
غا كريپ كيلشى جاڭ جوڭنى تەنتيرتيپ
قويدى . او ، اوزينڭ آلديراپ قالغانلىقي
نى بلندورمەسلك اوچون ، تەتور قاراپ
ايليپ ، خوتونيغا بوليواتقان سورافنى دەر
رەو صادىرغا قاراتتى :

- سەن ييمشكە قاچديڭ صا
دير ؟

- نيمه اوچون مينى سورافسز 12 كون
قاماپ قويدوڭ ؟ !

- ...

- سوراق بولميغاندين كيين بيكار
ييتشنڭ اورنى يوق . شونڭ اوچون سو
راق قلغان كونى كيليمەندەپ چاپ كەتتم .

جاڭ جوڭ صادىرنىڭ مونچه تاغ يورەك
قهريمان ئيكەنلىگينى سيزيپ اونڭغه يال
غان كولومسيرەپ :

- سينى خلق اوستا قوشاقچى دەپ آتاي
ديكەن راس بولسا مينڭ آلديمدا قوشاق ايتپ باق
ماسەن ؟ صادىر جاڭ جوڭنڭ آلديماقچى
بولوپ ، چەتليتپ بيرىبرواتقان بوسوالغا استهزا
بلەن بر كولدى وه اونڭغا نيكيلپ توروپ ، شو
يەردىكى احوالدين ايليپلا بو قوشاقنى ئيتدى

ئيقەك بلەن ييف ئەشديم ،
بوزچيگه بەردم توقى دەپ .
سينى كيم خوراز قلدى ،
ميكيانلانى چوقى دەپ . .

جاڭ جوڭ توڭچى ( ترجيمان ) آرقي
لق بو ايتلغان شعرنڭ معنيسينى چوشەن
دى وه بردينلا غضبلينيپ اورنيدين سەك
رەپ كەتتى . بو كيليشكەن قاپيەلك ،
شيعر ، اوزينڭ صنعتده اوستونلىگى بلەن
برابر جاڭ جوڭنڭ چيدىيالماسلقدين عيبسز
خوتونغا ظلوم قلشقا حقسز ايكەنلىكينى اي
فاده قلدى . قوشاق جاڭ جوڭنڭ يوريكي
گه خودى مقدەك سانجيلغان ايدى . شونڭ
اوچون نامرد جاڭ جوڭ بو مرد قهريماني
ينه زندانغا سولاشقا ئمر قلدى .

بو صادىر پالواننىڭ 3 - قيتم قاماققا ايل
نيشى ايدى .

∴

بز صادىر پالواننىڭ ياشيغان دەورينى
وە اونىڭ شەخصى حياتينى سوزلەشدە صا
دىر پالواننىڭ اوز طرفيدىن اويغور خلق
ادبياتيغا ماسلاپ ئيتقان قوشاقلرى چوڭ
اهميتكە ايگە . چونكى صادىر پالوان اوز
بيشيدىن كەچورگەن سەرگوزەشتەلەرنى
وە خلقنىڭ تارتقان عذاب - عقوبتلرى اوس
تيدىن هەر قاچان قوشاق توقوپ اوتكەن
ايدى .

مثلا =، صادىر پالوان اوز يزيسىنىڭ بو
قور طرفيدىكى قازانچى غوليدا خلقنى او
يوشتوروپ يورگەن كونلرىنىڭ بريدە
خطاى چيريكلرى اونى ئزدەب چقيدو لەي
كين صادىر پالواننى تاپالماى تورغون آوا
رە بولوشوانقاندا صادىر پالوان برافدىن او
لارنى كوروپ :

قازانچى ديگەن يەرنى ،
خطايلار تاپالمايدو .
برافدىن قاراپ تورسام ،
بر دوڭدىن آشالمايدو .

كيين چيريكلەر صادىرنى تاپالماى تاغ
نىڭ تووىگە كيليپ هيريب ياتقاندا صادىر
قاش اوستيگە چيقب ايلب :

صادىر مەنو صادىر مەن ،
صادىر بولماى نيمە مەن .
بتون خلقيم آچ قالدى ،
وە مينى يەپ كەلدىم مەن .

دەپ اوزينى اشكارە قلدى .

بو قوشاقدىن خلقنىڭ آش قالغانلقينى
صادىر پالواننىڭ بو توغريدا خلقنىڭ غيمي
نى يەپ اولارنى آشلقدىن قوتولدوروش
اوچون كورەش قليوانقانلقينى وە اونىڭ ئەپ
چيل مەرد آدم ايكەنليگينى ، اونگغا نس
بتا = خطاى استبداد حربى كوچلرىنىڭ او
لەمەنليگينى كورگيلى بوليدو .

صادىر پالوان توتقونلقدىن قاندا
قليب قوتولغانلقينى توغورسيدا مونداق قو
شاق ئيتيبدو :

يامولدا تولا يتيب ،
ساچيم بر قوچاق بولدى .
يامولنى تيشەرواخدا ،
قررورغام پيچاق بولدى .

∴

يامولنى تيشب قويوب ،
ايككى چقديم زالاغا .
مينى باققانبەش يابى ؛
ئەندى قالدى بالاغا .

∴

يامولنىڭ ياغاچلرى ،
ايگز قارغى چەنزە .
يامولدىن قيچب چققان .
صادىر اوزى خوخەنزە .

اويغور خلقينىڭ سويوملوك قهرمانى
صادىر پالوان اوزينىڭ بتون عمرينى خلقنىڭ
آزادلق بوليغا بيغشليغان . او آزادليق يوليدا
اينتاين كوپ مشقتلرنى كورگەن وە بر
نەچچە قيتم خطاى زندانلريدا قامالغان ،
اوزينىڭ بهادرليغى بلەن استبداد زندانلري
نى چيقيپ قوتولغان .

∴

1863 - يلنىڭ آخرلريدا مانجور وە
خطاى استبداد ظلوميغا قارشى گەنسو ،
شەنشى اولكولريدە آزادلق قوزغوليگى باش
لينيدو . بو قوزغولانگنىڭ تاثيرى شرقى
توركستاندا هەريدىن تاشقيرى ايزيلگەن
اويغور وە تونگانلارغيمو يتيدو . شوننىڭ
بلەن 1864 - يلى ايلى ولايتيدە اولوغ آزاد
لق قوزغولاڭ ئەوج ايليب كەتدى. ايلى
قوزغولانگچيلرى خطاى وە مانجور قوشون
لرينى باياندای سيپلى ايچيگە سولاپ بر
يارىم يل مقدار قورشاب آليدو . بو وا
قتلاردا صادىر پالواننىڭ بيشى توختيغان وە
تنى بواسيمو ، كورەشنىڭ ايلك ايغر وظيفە
لرى اونىڭ اوستيگە يوكلينيدو . او بر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
1821
1784
1
83



طرفدين قوزغولاڭچيلاردين توزولگەن جەڭ
چيلەرگە رەھبرليك قليب ، 2 ـ طرفدين
اوزينىڭ تام آغدوروشقا ماھير ھونيرى بلەن
خطايلارنىڭ ايلينماس محكم دەپ حيسابلي-
غان بايانداى وە كورە سيپللرينى آغدو-
روب تاشليدى . او سيپللەرنى آغدو-
روش وقتيدا عجايب بر اوصولنى قوللاندى.
كاليندىڭ اوچيگە ملتيق دوربسينى تولدو
روب ، سيپلنىڭ كولانغان توشوكيگە قو-
يوب پيلك بلەن پارتلاتدى . بو حاديثەنى
زامانيسيديكى سوقوش تيخنيكا دەرىجيسى
بلەن سېلىشتورغاندا اوبليميغان يەردين
كيليب چققان چوڭ ييگيليق بولغان
ايدى .

سيپللار اورولگەندين كيين خطايلار
ييگيليب ، قوزغولاڭچيلار نورغون حربى يا
راقلارغا ايگە بولودو . شوندىاق قليب ايلى
ولايتيدە ايلى اويغورلرينىڭ مستقل دەولەتى
قورولىدو .

بو وقتلاردا صادير پالوان خلقنىڭ آزاد
لققا چققانليغينى كوروب حديدين تاشقي-
رى خوشال بولىدو . او 1871 ـ يلى ايلى
صلطانلغينىڭ چاروسيە بلەن توقونوش آلدي
دا وفات بولىدو .

صادير پالوان وطن پرور وە خلقنىڭ
آزادليغى اوچون جان كويەر بوولريمز-
دين بيرى . شونىڭ اوچون اونىڭ وطن وە
خلق يولىدا قلغان خذمتلرينى ھيچ قاچان
يادىمزدين چقارمايمز . اونىڭ اولوغ نامى
اويغور خلقينىڭ كوڭليدە مەڭگو ساقلي-
نيدو .

ز . قاديرى

ا . اختم

# كينو وە اونوڭ اھميتى .

كينو ـــ جمعيتديكى ھرخل اجتما
عى وە انقلابى حاديثەلەرنى گەودىليك حال
دا كورسوتوب ، تورموشنىڭ اوتموشديكى
سيرينى ايچيب كەلگوسى حياتنى اينقلاش-
نى اوگوتيدىغان علمى سورەتدور .

كينوصنعيتى فەن تخنيكانىڭ ترقى
قلشيغا قاراب موندين برنەچچە اون يللار
بورون كشيف قلنغان بولوب ، دونيادىكى
مدنيتدە آلغا باسقان ايلغار مستقل دولەت-
لەر اوزايدا لوگيەسيگە ماسلاشتوروب، ھر
خيل كينو فيلملرينى اشلەب چيقريدو .

كافيتاليزم جمعيتينىڭ اشلەب چقرب
عاميغا تقديم تلغان كينو فيلملرينى ملا
حيظە قليب چقيديغان بولساق ، خلق منفعتى
اوچون ھيچ قانداق علمى روح بەرمەسلگي-
نى كوريمز .

برنچى جھان اوروشيدين ايلگيرى
دونيا دەولەتلرى طرفيدين اشلەنگەن كينو
فيلملرى برخل مفكورە وە خراكتير نى
اوز ايچيگە ايلب دايم كافيتاليزم اھميتينى
تشويق قليب كەلگەن ايدى . مثلا:= آ
مريكا ، ئەنگيليە وە چاروسيە حكومتلري-
نىڭ شوچاغديكى كينوفيلملرى بر ـ برى
بلەن آنچە فرق قلماس ايدى . بوفيلملار
كافيتاليزم صنفينىڭ قانداق بختليك يارتل-
غانلغينى ، عكسيچە اشچيلار - ميحنەتكەش
لەر عامميسى ، يوقارقى صنفلارغا نسبتا=
قانچىليك پەس دەرجيدە بولوب ، يوقسول-
لار عاممسى بواوستون تەبەقەلرگە دايم و

قطعيا= بوى سونوش لازم ايكەنلىگى او
چون قوللانغان علمىچارىلارى بولوب خزمت
قلغان .

مولدين باشقا ينه چوڭقور راق
تكشوروب چقبديغان بولساق، كافيتا ليزم
زەهەر ايشى بلەن بختسزلككە دوچار بولغان
عامەنى هەرخل خورافى يوللار بلەن زە
هەر لەشدين تاشقيرى هەرخل عيش ـ عش-
رەت ، كەيف ـ صفا وە شونوڭدەك
ئەزگوچى صنفلار اوچون كوڭول ايچش
وە تاماشە كوروش اشلريـغا فـورال قلغان
ايدى .

ليكين برنچى جهان اوروشيدين كيين
سوتسيئالستك اوكتەبر انقلابى غلبە قازي-
نب ، روسيە مەمليكتيدە سوويتلەر حاكە-
يتى موجود بولدى . شونوڭ بلەن دونيادا
حققانييتنڭ اشيگى ايچيلب كافيتاليزم جمعيتيد
نڭ هر خل ، هر توردكى ابزش اوچون
قوللانغان چارە وە تدبيرلرينڭ سيرينى
ايچب تاشلىدى .

سوويت حكومتينڭ كينو فيلملرى
بو گونكى دونيانڭ بتون مەمليكتلريدە دي-
كيدەك كورسوتولوب ، هردايم خلقنڭ قز
غنلق بلەن سويوب كوروشى وەچە كسيز
آلقشلريغا ايگە بولماقدا . بونوڭ فانسبتا=
يوقوريدا ايتلغان 2 ـ خلديكى كينونڭ
خلق طرفيدين ، قانچيليك « سويوب »
كوروشينى آنچە اوزاق سوزليمسە كمو ،
شهربمزدە موندين ايلگيرى اوينالغان آمير
كا كينو لينتالريدين « اولو كلەرتا نسا
سى » نى ئەسلبەك بولودو .

كينو جمعيتديكى تشويقى چاريلار
نڭ ايك آلدينقسيدور . مقصدنى تولوق
ايجرا قلش اوچون كينو صنعتينڭ تـور
موشقا ماسلاب اشلنيشى طلب قلينيدو . سو
ويت حكومتى طرفيدين اشلەنگەن كينو
فلملرى مقصد طرفيدين قانچيليك
كەڭ دا ايرينى اوز ايچيگە آلغان بولسا،
صنعت طرفيدين هەم شونچە اوستون تو
رودو . شونوڭ بلەن كينو صنعتينى ترقى
قلدوروش اوچون چوڭ اهميت بيريب ،
سوويت حكومتينڭ برقانچە ريسپوبليكالي-
ريدا : ـ تاجكستان ، اوزبەكستان ، قـا
زاغستان .... لاردا كينو استوديەلرى
تشكيل قلنب دونياغا ييڭى ـ ييڭى ايجادى
فلملارنى تقديم قلماقدا .

حاضرقى دونيادا كينو اشلرينڭ
ترقى قليب كتب بارغان واقتيدا سوويت
كينولرينڭ غلبەسينى 46 ـ يلى اوك
تەبر آييدا 26 دولەتنڭ قاتنيشيشى بلەن
دونيا بوييچە اوتكوزولگەن 2 هفتيلك كينو
مسابقەسيدين تولوق كورگيلى بولودو.
بومسابقيگە 4تادا كينو قويوب ، سوويت
حكومتى طرفيدين مسابقەگە تقديم قلغان :
بيرلين ، تاش گول، عالى اوز گوروش،
بزنڭ وطندە ياشليق ، زويا ، سولنيچنى
فلما ـ ناملق كينو فلملرى دونيا بوييچە
برنچيلكنى آلدى .بومسابقينڭ نەتيجسيمو ،
سوويت كينولرينڭ مضمون وە صنعت طر
فيدين قانچيليك اوستون ايكەنلگينى اينقلايدو،
بزشرقى توركستان خلقينڭ بـو
گونكى كونگيچە مستبد حاكميتينڭ هر

ئۇيغۇر كتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



طرەفلیمە ایزشی آرقسیدا کینو صنعتاش-
لریدا هیچ قانداق آساس قورالغینەزیوق.
آمما خلقیمزنك کینوغا بولغان تەشنالغینی
خوشنیمز سوویتلەر حکومتی نگشلیك لیند-
نالار بلەن تاء مینلەب کەلدی وە کیلیوا-
تیدو.

بزنك خلقیمزنك معلوم ایلغار قسه
لری کینو کارتینا-بنی علمی یوسوندا
کوروب تجریبیلەر وە معلوماتلار حاصل قل
سیمو، کینونك سورتینی عادی کوروش
بلەن قناعتلینب یوروچیلەر مو آزامەس.
مثلا=: شهریمزدە اویناغان «تاش گول»
فلیمنی آلیدیغان بولساق، بو فلمنی بر قانچە خلقیە-
مز چیرایلق حیکایە ایکەن، بو حیکایەنی
چیرایلق قلیب اشلەپتو دەب قویودو. بو
فلمنك ایدیئالوگیەسینی وە بو کینو نك
جمعیتکە یەتکوزدیغان تاءثیریگە آنچە اعت
بار قلمایدو.

«تاش گول» فلیمی اوزە قاراش
قا خیالی چوچەك بولسیمو، اونوك مضمو-
نینی توبەندیکیچە چوشەنسەك خطا بولمایدو:
فیئودالیزم جمعیتیدیکی معلوم ئەز
گوچیلەرنك اوششاق هنر مندلارنی قانداق
یوسوندا خارلاپ، ارلارنك کوچیدین
قاییسی طریقیدە فایدیلانغانلغینك تە سویر
لرینی، اویمیچلق هونوری بلەن کون
کوچور بوانقان ... بوری عائیلیسی بلەن
«باربن» عائیلیسی اوتتورسیدیکی فرق
نی یاخشی کورسوتوپ بیریدو.

بووایینك اوغلی گریشا یاش کو
نیدین تارتیب هونەر اوگونوش هەوسید-
گە قانچە بیرلگەن بولسا، تورموشنك سقید-
شی آرقیسیدا پادیچیلق کەسبینی هەم
قولدین بەرمەیدو. لیکین «قانچە اشلید-
سەکمو سەن یامان» دیگەندەك گریشا
پادیچیلق اشیدین برەر یاخشیلق کوروش-
نك اورنیغا او هردایم تایاق وە زەهەردەك
سوزلەر بلەن «مکافاتلینیدو».

اوزیدە زور هەوس حققانی حسبانی
بار یاش گریشا اویمیکارچیلق هنریندەی
اوبدان کورگەنلیگی اوچون نەفیس نەر-
سیلەرنی تاش بلەن اویوش صنعتینی ای-
گیلەب، اطرافیدیکی قول هنر مند وە
دیهقانلارنی اوزیگە جلیب قلیدو. شو یول
بلەن گریشا اوزیدە قانداق برگو زەل
فضیلەتنك بارلغینی بلدوریدو. بونوك نە
تیجسیدە چیرایلق قز کاتیەمو گریشانی
یاخشی کوروب قالیدو. کیین بولار تور
موش قورماقچی بولغاندا، بولارنك توی-
یغا ایککنچی بر سیهرلیك کوچ تاءثیر قلید-
دو. بووایلارنك «تاشدین یاسالغان گول
بار، بو گول تلسماق بولوب، قشداقار
نك اوستیدە ایچیلیدو» دیگەن افسانەسی
نەفیس هونەر بلەن آشنا بولغان گریشانك
یوروگیدە تەءثیر قالدورغان ایدی. بوپەی
تدەن فایدیلانغان سیهرلیك جادوگەر —
گریشاغا کورونودو. شونوکی بلەن گری
شانی کانیدین آیریب — آداشتوروش وە

تورموشینى بوزوش قصدیده تلسیه انلق تاغ
آراسیغا ایلیب کریب کتیدو . آداشتو-
روش مقصدیده تیارلانغان زیب - زینه‌ت-
لیك وه حیران قالارلق کورونوش گری-
شانك عقلینی هیچ بر آزدورالمایدو . بر
چه‌تدین اوز تورموشینك محبتی یوریگیده
قانچه دولقونلانسا ، 2 - طره‌فدین نه‌فیس
صنعتکه بیریلشی هه‌م شونچه آرتیب کـو
روشکه خومار بولغان تاش گولنی قول
بله‌ن اوزیده‌ك یاساپ چقریدو . وه شـو
ساعتدین باشلاب موندق زینه‌تلیك ساخ-
تا حیاتیدین اوزینك محبتی ارقسیدا آمری-
غی کانیه بله‌ن تورموشینی خوشال اوت
کوزوشنی خلاب آلدامچیلار یولیغا ئه‌رگه‌ش
مه‌ی اوز مقصدیگه یتیدو .

مانا بونو کدین شوندق نه نتیجه
چقرش ممکینکی : گریشا اوششاق قول -
هنرمندلر ایچیدین چققان آزادلق سویگو
چی بریاش بولوب ، او هه‌ردایم ئه‌زگو
چی صنفیغا قارشی حرکت قلیدو . اوزی-
دیکی ترشچانلق بله‌ن ظلومغا قارشی کوچ
توپلاشنی یاخشی بلیدو . ساخته یه‌زله‌ر
طرفیدین کوز بویاش اوچون بیر یالگه‌ن
ساختا حیاتنك سیرینی چوگوپ تاشلاپ،
اوزینك مستقل تورموشنی یختلیك حیاتنی
عالی بلیدو .

چونك « بارین » لارمو اوششاق
کسیچیله‌رنی قانداق طریقیده ایزش وه
اولارنك قانداق بوللار بله‌ن کوزینی بو
یاپ آلداش اشلرینی قوللانغانلغینی عامه
گه ئه‌رلق بوـوندا تصویرله‌ب به‌رگو
چی ، سیاسی اهمیتکه ایگه بولغان کینو
دور .

دیمه‌ك سوویت کینولری مقصد
سز اشله‌نمه‌یدو . بعضی کینولار مقصد
نی اوچوق کورسوتوب به‌رسیمو ، بعضلری
کنایه بله‌ن اشلینب ، مقصدنی چوشـو
نوشنی کورگوچینك اختیاریغا بیریدو .

شونوك اوچون اونموشدیکی واقیعه
له‌ر ، حاضرقی احواللار وه کله‌گوسی حیات
اوچون بزگه عالی درس مضمونیدا طر
بیه به‌رگوچی سوویت کینو فلملرینی
دایم کوروب توروشنی کونه‌لوك تـور
موشیمزغا عادت قلشیمزلازیم .

محمد باقی کمالی

# کمده ، قانشا ومر بار .

یه‌ز له ، الثاي ، تارباغاتاي قالدق -
تاری قوزه‌لب ، انیقات یۇشمن كۇرمس
قملغاندعه‌مزدان ، جاۋدك مۇكامال - جا
رانتی کۇشمن بوي سۇندردق .

دیدی قالغان 7 ایماتنی ازات ه‌تۇرۇ.
شمن کۇرمس هندب ، که‌نیپ بلرا جاتـ-
قان که‌زیمزده ، دۇنیه‌ده قلشه‌یم وردا-
لاری بۇزیلیب ، جه‌ر جۇزیلیك یه‌یتشه-
لمك بلسنالدی .

اربینه بۇل : جه‌ر جۇزیلیك یه‌یید .

شىلىك بىز دىكى سوغىستى توقتاتۇۋ مىز-
دى كەرەك قىلدى .

سوندىقتان بىز : جاڭ ۋيانجاڭنىڭ شەكارا ولكىلەرگە قاراتىپ ، « ول جەر-دە جاساۋشى ۋلتتار وزدەرىن - وزدەرى مەڭگەرە الاتىن بولسا ، بىز ولارعا ەركىن-دىك خۇقۇعىن بەرۋۋگە دايارمىز » دەپ جارىيالاعان جارناماسىنا نەگىزدەلىپ ، قۇرالدى كۇرەستى توقتاتتىق .

ماقساتتى ورىنداۋ ۋشىن ورتالىق ۋك-ىمەتتىڭ ۋكىلدەرى مەن ۋرىمجىدە 1945 - جىلى وكتابىردىڭ 10 نان باستاپ ، كە-ڭەس جۇرگىزدىك .

بۇل كەڭەستە ارىينە بىز تولىق خۇ-قۇق سۇرادىق . كو تالاستار بولدى . بۇل قۇرالدى كۇرەستىڭ ساياسي كۇ-رەسكە اينالعان داۋىرى ەدى . ناتيجەدە 11 تارماق بولىپ جازىلعان جانە 2 قوشۇمچە قو-سىمشا قوسىلعان بىتىم جاسالدىق . بىتىم قول قويىلىپ كەڭەس بىتە بولعاننان كەيىن ونى ۋلتتىق ىسكە اسىرۋۋ ۋشىن بىتىم بويىنشا بىرلەسكەن ۋكىمەت جا-سالدى ( ساياسي دەستەردى بىز جۇزىنە اسىرۋۋ ۋلتتارعا ) تۇزىلىپ شعارلارى .

بىز ونى ساپاسىنا قاراپ ، سول ورە-جەدەگى كورسەتىلگەن بويىنشا بۇتىن شى-ڭجاڭ كەڭ كولەمىندە قانات جايىپ ىسكە اسا بەرۋۋى كەرەك ەدى .

قالاي بولدى . ايتا كەتۋىمىز كەرەك-تە كۇندەلىكتى گازەتتەن كورىپ وتىر-مىز . ازات بولعان وسى ۋش ايماقتان باس-قا ايماقتاردا كۇنى بۇگىنگە دەيىن بىتىم تارماقتارىنا قايشى ىستەر جۇرگىزىلىپ كە-لۋۋدە . بۇل ارىينە كەر تارتپا كۇشتەر-دىڭ ميلليونشا قارسىلىق ەتىپ ، قالىقتىڭ بۇقارالىق ۋشىن جۇرگىزۋۋىنە ەرىك بەر-مەي وتىر عاندىعىنان . الايدا قالىق " تەڭ-دىك " دەگەن سوزدى تولىق تۇسىنەتىن

بولدى . " تەڭدىك " دەگەندى " 11 تار-ماقتى بىتىم " دەگەن سوز بىلان ىستەرىپ ۋعاتىن بولدى . سوندىقتان تەڭدىكتىڭ ىسكە اسىرىلۋۋى ۋشىن بىتىمنىڭ جاق-سى اتقارىلۋۋىن جۇرت تالاپ ەتىپ كەتە ، بىتىم بويىنشا وزدەرىندە قاندىاي خۇقۇق بو-لۋۋ كەرەك ەكەنىن بىلمەيتىن ادام قالعان جوق دەرگە بولادى .

سول سەبەپتى قانداي ارەكەتتىڭ بى-تىمگە قايشى ارەكەت ەكەنىندە جۇرت تا-نىدي الاتىن بولدى . سوندىقتان قالىق قا-زىر بىتىمدى تانىيدى . بىتىمنىڭ بىر-سى ولكەلىك ۋكىمەت دەپ بىلەدى . الىبى-تىمگە قايشى ارەكەتتى جانە ول ارەكەت-تى ىستەۋۋشىنى قالىقتىڭ ، ولكەلىك ۋك-ىمەتتىڭ دە ، بىتىمنىڭ ، قالىقپەن ولكەلىك ۋك-ىمەتكە جاقپاعانىڭ ورتالىقتىڭ دا دۇشپانى دەپ بىلەتىن بولدى .

قازىر بىتىم بويىنشا تەڭ جاڭا قۇر-لىستى ىسكە اسىرىپ ، قالىق تۇرمىسىن جاقسارتۋۋمەن مادەنيەتتى كوتەرۋۋ ، ارە-كەتتەرى عانا جۇرگىزىلۋۋ كەرەك ەدى . بىراق بىز جۇزىندە كەلگەندە بىتىم تار-ماقتارىنىڭ ىسكە اسىۋۋىنا بوگەت بولاتىن ىستەر تۋۋدىرىلىپ وتىر .

بۇل جاعدايلار ەڭگىمەنى اشىق اي-تۋۋعا ەركىسىز اپارادى .

اشىق ايتساق ، بىز شىعىس تۇر-كىستان قالقى ەش قاشاندا بىرەۋگە ۋك-تەمدىك قىلۋۋدى ويلامايمىز . تەڭدىكتى عا-نا ويلايمىز . 20 - عاسىرگە لايىقتى ما-دەنيەتتىمىزدى ورگەلەتىپ ، تۇ مەكەنىمىز-دى جاساراتىپ ەركىنى بىزدىڭ سۇرەسىمىز بولدى .

بىزدىڭ بۇل تۇردە بىزدىڭ سۇرۋۋدە-مىزدەن ەش كىمگە زىيان كەلمەك ەمەس . سوندىقتان بىز ، كىمدە - كىم بىزدىڭ قىسىمدايى بىز سۇرۋۋىمىزگە تۇسقىندىق

قىلىسا ، ونى : وژىنە تەگەگىسى كەلمەي
ادەيى تومەن ۋستاب تۇرىب ، ەژۋۋ ، قا-
ناۋ ، جەۋ ، قانىمىزدى سورۇۋ ھۇشىن ىسـ-
تەيدى دەپ بىلەمىز .

بۇدان قاندای قورتىندی
شىعادی ؟

بۇدان سول ھىتىمىنىڭ ىسكە اسۇۋد-
نا بوگەتتىك ەتەتىندەر دىڭ قالىققا باۋت
تىلەمەيتىنى، جاۋ ەكەندىگى ، وژىمشىلدەر
قارا نىيەتتەر ەكەندىگى دالەلدەنىب شى-
عادى :
ەگەردە ھىز تالقىمىزدى باقىتتى تۇرمىسـ-
قا جەتكىزەمىز دەسەك ، ھىتىمدى تولىق
ىسكەاسىرۇۋىمىز ؛ ھىتىمىنىڭ ىسكە اسۇ-
ۋىنا قارسى ارەكەتتەردى مۇلدە جويۇۋد-
مىز كەرەك .

بۇل ىستى تولىق ىسكە اسىرۇۋ عۇ-
شىن دۇنيە جاعدايىنىڭ بۇگىنگى اخۇۋا-
لىمەن جۇگگونىڭ ھال - جايىن ەسكەرە
وتىرىب تارىيقىمىزداعى دالەلدەرگە جاقسى
ھساب سالىپ ھس قىلۇۋىمىز شارت .

ھىز بىلەمىز ، شىعىس تۇركىستان
تارىيقىندا شىعىس تۇركىستان قالقىن 300
جىلدان بەرى قىتاي وتارشىلدارى وتار-
لانىب ، بيلەپ - توستەپ كەلگەن دەگەن-
دە ھىزدىڭ اتا - بابالارىمىز « باسقا سال-
سا ھولىب ؛ . . . سالىسا كونىب » جۇرە-
بەرگەن جوق .

تالاي ىرەت بوسىنانىدىق ھۇشىن قوز-
عالدى ، جەڭدىدە بىراق قايتادان تارتتى-
رىب قويىب وتىردى . سوندا ھىزدىڭ اتا-
بابالارىمىزدى كۆشىبەن جەڭىب قايتا تار-
تىب الىب وتىردىما ؟

- جوق . تۆسىنبەستىگىمىزدەن پايدا-
لانىب ، ادىسبەن الىب وتىردى . أدىس بول-
عاندا ھوز ىشىمىزدەن شىققان بىلىس پايدا-
شىل ارسىز ادامدارىدان پايدالانىب ، ارا-
مىزعا جىك سالىب ، وزىمىزبەن ھوزىمىز-
دى جاۋلاستىرىب قويىپ ، سودان بارىب
قايتا باسىب الىب وتىردى .

قازىردە قىتاي مەملەكەتى قانشا قا-
لىقشىلەمىن دەسەدە ، قانىنا سىڭگەن قىلىن
جاتىب ىشەرلىك ادەتتەرىن تاستاي المايـ
جۇرگەن كەر تارتىبالاردان الىىدە ارىلماعان
جوق . وندای كەر تارتىبالار قىتاي نويىد-
راعىنىڭ أر قانتامىندا بار سول تاراۋدان
ھىزدىڭ جەرىمىزدىدە بار . ھىز ھوز نەگى-
زگىمىزدى ، تولىق قولعا الۇۋىمىز ھۇشىن
سول كەرى تارتىبالارمەن ايانۇسىز تۇرەدەكۆ-
رەسىب وتىرمىز .

بۇل كۆرەستە كىمىنىڭ جەڭىلىب كەت-
نىڭ قالاتىنىمەن ، ياكى قانشا ھومىر بار-
لىعىمەن جاعدايدى جەتە تەكسەرىب ، وي-
لدى ورىستەتە ويلاپ ادام تۆسىنەدى .

قىتاي كەرى تارتىبالارى سول ھوزى-
نىڭ اتا مۇراس أدىسى بولىب قالعان ھوز
ارا جاۋلاستىرۇۋ ساياساتىن مىنە قازىردە
ىستەب وتىر . ھىزدىڭ كەيىمى اقماقتارى-
سوعان اجەپتەۋىر ىيلانىب دۇزى قارالىق
قىلىب جۇر . اخماق بولماسا ول دۇزى قا-
رالار قىتاي كەر تارتىبالاردىڭ سوگىنارۇۋ-
دىڭ قانشا ھومىرى يارلىعىمەن . نەگە تۆسىنـ-
بەيدى ؟

دۇنيەدە ەندى فاشيستىك ارەكەت
بولمايتىندىعىن ھىلىب والعەمىزدەگى بە-
نەمگە قارسى بولىپ جاتقان ارەكەتتەردىڭ
سول دۇنيەدە بولۇۋعا وتىيىستى بولماعان فا-
شيستىكتىڭ ارەكەتىنىڭ ھىر تۇرى ەكە-
نىن ،تۆسىنىب ىعان ىلەسۇۋدىڭ ۋزعارعا-

سەن ەزىپ دشۇۋ ەكەندىن نەگە ، ويلامايـ
دى ؟

ايتپەسە « گەرمانىيادان شدققان فاشيدـ
س — نەمىس ۋلتى ، جاپونىيادان شدققان
يەمپەرىيالىستەر — جاپون ۋلتى . . . بىزـ
دەن — مۇسەلمانلان ونداىلار جوق ەكەن»
دەپ ويلاپ " دۇنىيەدە بىزدەندە فاشيستەر
شدقتى " دەگەن ات قالدرعىسى
كەلەمە ؟ بىراق اباي ايتقانداي ، " جەر
ورتەپ شدعارعان اتتىڭ نەسى ەسان " .
فاشيستىڭ ارەگەنكە ەرىپ ەوز ەلدەمەن ،
ەوز جۇرتىنان قارعىس الىپ ات شدعارۋۋـ
دىڭ نە اتۇۋەرى بار ! ؟

جوق ات شدعارۋۋ ەمەس شدعار ەۋلت
ەۇشمن » شدعار . ۋلت ەۇشمن بولسا 11
باپتى بىتىمگە قارسى بولعانى قالاي ؟ ولەر
جەرىن ايتقاندا ۋلت ۇشمن ەمەس ، اناق
ەۇشمن دە ەمەس " اقشا " ەۇشمن . شىرـ
كىن اقشا ، نەتكەن وتتى ، نەتكەن جولـ
لدزدى ەدىڭ . بىرەۋدى جولدان شدعارىپ
ارامزدان كەتىرىپ ، ماسقارا قىلىپ وتىرـ
عان . أي نامىستى بىلمەگەن شىر كىندەر
نورعىن كىيگەن ادام بەيشكە شىعىپ مانا
كىيىپ جۇرگەندەر توزاققا تۈسەدي دەپ
ەستىدى مەەكەن دەمشى ؟ ! شىنداپ تاكـ
سىنىڭ ەشى قىيمايدى ، ەوز ەت ەوزباۋـ
رىنىڭ سونداىلىق ەتىپ وتىرعانىنا ارىيـ
نە اشىناسىڭ . بىراق امال نە ؟ اشىنعانـ
مەن ونىڭ ەوزى اشىنباعان شىر كىندى
قايتەسىڭ ! ؟

سونداىدا ايتا كەتەلىك دۇنىيە جۇزىنـ
دە كەر تارتبالىق ارەكەت ولىپ بارا —
جاتىر . سونىمەن بىرگە قىتايداعى كەر
تارتبالاردا ولىپ بارادى . ەندەشەول كەر
تارتبالاردىڭ ولىپ بارا جاتىپ ايتقانسانـ
لدرعىنا سەنۋۋ دۇرى قارالىقتان باسقاباىـ
دا كەلتىر مەيتىندىگىندە اشىق تۈسىنۋۋ
كەرەك .

بىز بىلەمىز ەبىتىم قىتاي كەر تارـ
تبالارىنىڭ ۋۋلى تۈسىعىنا سوققى بولىپ
وتىر . سوندىقتان ولار نسكە اسرماۋدى
نزدەيدى وعان بوگەت جاساۋ ەۇشمن ۋلتـ
بەن ۋلتتىڭ ، ۋلكەندەرمەن جاستاردىڭ ،
وقىعاندارمەن وقىماعانداردىڭ ، ايەلدەرمەن
ەرلەردىڭ ، ت . ب ارالسىنا ىرىڭكى سالـ
لاى . ىرىڭكى دەگەنىمىز جوعارىداعى پارـ
لامەنتتىن ايتقان توپتاردىڭ بىرىنەن بىرىـ
نە قاراي وتىلگەن كمشكەنە عاداۋىرەۋستى
(بالكەي جاقلمسىن بولعان) . داپ — دارداي
وقىيعا ەتىپ كورسە تۈۋمەن ولاردى وشەسـ
تىرۋۋ .

جوعاردا ايتىق كەبىر ەسۋۋاستار
وسىعان جەتە تۈسىنبەي وعان ىيناىپ كەلە
شەك ۋرپاعىمىز الدىندا ەجۇزى
قارابولىپ وتىر .

تۈۋىسقاندار ەش قاشاندا دۇسپاندار دىڭ
ازعىرۋۋىنا ، (سىرتقى ەتاتتى ەشى ۋۋـ و
زىنە ) الدانباۋ كەرەك . ولاردىڭ ەمىرى
ۋزىن ەمەس . ولاردىڭ ارتىنا ەرۋۋ كەرـ
تارتبالارعا سەنۋۋ جارعا قاراي كوزدى
جۇمىپ جۇگىرە بەرۋۋ بولادى .

سوندىقتان ەاردىستىڭ ەتۋىبىن ويلاپ
ەوز ارا بەرەكە بىرلىگىمىزدى نىعايتىپ
كەلەسىدەگى كوزدەگەن نىسانامىزعا جەتۋـ
ۋىمىز كەرەك .

انشا الله ەبىزدىڭ كەلەشەگىمىز نۇرلى
ەمىرىمىز ۋزىن بولادى . سەبەبى : ەبىز
اقىيقات ۇشمن ارەكەت ەتەمىز . اقىيقات
ۇشىن ارەكەت ەتكەن ەلدىڭ ەسى جەڭسـ

تى بولادى . سەبەبى جەر جۇزىندەگى ادام
بالالارىنىڭ كوبشىلىگى سول افيقاتتى قالاي-
دى . سوندىقتان بىزدىڭ دالاشا گەمىز
نۇرلى ومىرىمىز ۇزىن .
ەندەشە بىز اسىرەسە پ . ش ت
توڭكەرىسشىل جاستار ۇيىمىنىڭ مۇشەلەرى
قالقىمىز ىشىندەگى كەيبىر جەتە قاراۋعا
شاماسى كەلمەي ، جالاقشىلاردىڭ سوزىنە
ەرۋىنىپ قالاتىن ادامدارعا تۇۋرانۇسقاۋ
بەرۋگە مىندەتتىمىز .

بۇل جونىدە بۇقارا اشىلدىرىقتى جاقسى
جۇرگىزە بىلىپ ۇلتشىلدىق مىنەزدى تاستا-
ۋىمىز كەرەك .

قاي قىزمەتكەر ، قاي سانالى بولماسىن
وز ۇلتىنىن جاقسى كورەدە ، الدىمەن باس-
قا تۇۋىسقان ۇلتتارعا جاردەم ەتىپ سولار-
دى قورعاسىن سوندا ونىڭ كوزدەگەن ماق-
ساتى ىسكە اسادى . ۆلادىمىر ىلىچ كەلتىرە
كەتەلىك : ەگەر كەشەگى قىناۋدان بولعان
قىزمەتكەرلەر ، جاۋىزدىق قىلماي كوب-
شىلىككە جاقسى ، مادەنيەت ، ونەر ۇيرە-
تىپ ، قالىق تۇرمىسىن كۇن ساناپ العا
باستىرىپ وتىرسا ، بىز ولاردى قۇۋالاپ
توڭكەرىس اشارما ەدىك ؟ ارينە بىزدىڭ
ىزدەگەنىمىزدى وزى ىستەپ وتىرعان سوڭ
ول بولماس ەدى . دۇرىس ولار وزىمشىل-
دىك قىلدى ، قىناي ۇلتىن اسپانعا كوتەر-
گىسى كەلدى . ول جەتپەسە بىزدى دە قىناي-
لاستىرماق بولدى . ىشكەرىدەگى كوپتە-
گەن قىنايدى جاقسى تۇرمىسقا شىعارۋ
ۇشىن مۇندا اكەلدى . ارينە بۇل ۇلتىن
جاقسى كورگەندىك ۇلتىنا قامقورلىق ەتكەن-
دىك . بىراق بۇگىن قامقورلىقتىڭ ناتيجە-
سى قالاي شىقتى . «جاپونيانىڭ تارىمار
بولۋى » دەگەن كىينودا — جاپوندار
موڭعول قالقىن رەسپوبليكاسىنا اسكەرلەرىن
«سەنەر قالقىنگول كوالدە شومىلىپ سايا-
قات ەتەسىڭدەر ولدەنساۋلىققا اساپايدالى ،
دەپ الىپ كەلىپ ، موڭعول قالقىنان تاباق
جەپ دەنساۋلىقتى جاقسىلاۋدىڭ ورنىنا بۇرىن-
عى تىرلىكتەرىنەن ايىرعان اسكەرلەرىن
جىيناپ اكەتىپ جاتقانىن كورسەتكەندەگى
سىياقتى بولىپ شىعىپ قالقىن كوب قىيىن-
شىلىقتارعا ۇشىراتتى . بەيشارا
كۇنالىمىز قانىن - بالالاردى جەر
سۋلارىنان اداستىرىپ قاڭعىتىپ وبالى-
نا قالدى . مىنە وسى سىياقتى ، بىزدە
نەرىس ارەكەتشىلەر ىتىلىنە ەرىپ بولما-
سىز ۇيەر ىستەرگە بولانىپ تىماعانىمىزدى وي-
ساق وز قالقىمىزدى قىرىلعان جەتەلەپ بارىپ
ۇراعا يتەرگەن بولامىز . اشىپ ايتقاندا
قىتاي كەرتارتپالارىنىڭ ورنىنا بەرەتىن
باعىتىندا سەنىسەك ونىڭ ناتيجەسىن : وز
باسىمىز سوناۋ ورتالىق قىتايدىڭ سابۋات-
زالارىندا قول اسىمىزعا تەسە ۇستاپ ، نەمە-
سە بەلشەمىزدەن سۋ كەشىپ كۇرىش وتاپ
ايتىپسە قاراڭ قالعان سادىيشىن سەيپىل-
ىنىڭ كەتكەنىندە تىرىن بولىپ تۇرىپ جاتا
كوبىمىز جول جونەكەي كوزىمىزدى قارعا
شوقىپ جاتقاندا كورەمىز . ولاردىڭ بەرە-
تىن باعىتىنىڭ نەگىزىن سوندا تۇسىنەمىز
تۇۋىپ وسكەن كىندىك قانىمىز توگىلگەن
بۇل جەرلەرىمىزدىڭ ۇستىندە الدە قانداي
قايىلاردىڭ جۇرگەنىن كوزىمىز كورە-
المايدى . تەك وزىمىز كەتەردەگى ، جانە
بۇرىنعى تۇۋعان ەلىمىزدىڭ ورتاسىندا بولاتىن-
داپ قۇربى قۇرداستارىمەن اسىرسالىپ
وينەپ جۇرگەن كۇندەر جۇرەگىمىزدىڭ
تۇبىندە قان بولىپ ۇيىپ سونىڭ ازابى-
دەرتى عانا بىزگە باقىت بولىپ سالالادى.
سونانسوڭ ،

"ئۇگەنۇبەق وبى ە كەنعوي، ومىردەگەن
كۈن بۇرىن كوزگە كەلىپ كورۇنبەگەن،
كەشەگى يىتىگمەامال بارما
كىم ەدى تۈۋسقانلار بولىن دەگەن »
دەگەن سىياقتى زارلاردى عازايتۇۋعا شاما-
مىز ياكەلەدى ياجوق .
مىنە قازىر باىقاسا كىزدار جوعارىلاعى ولە-
نىك الدىكى ەكى جولىندا عىداي ەمەس
ومىر كۈن بۇرىن اق كورىنىپ تۇر .
بىراق وسىنى كورە بىلۇۋىمىز كەرەك .
تۈۋسقاندار تەرىس ارە كەتىشلەردىك
تىلىنە ەرمەۋ ۋشىن الدىمەن ولاردىك ۋز
ومىرلەرى قىسقا ۋتىپتى ۋزىن بولعان كۈن.
لە كورسەتەتىن جاقسىلىعى " الگى " دەپ
ايتىپ وتىندىك . الەندى ەرمەگەندە ؛ اباب-
تى ...

ت . پ .

# گودوك

( بيشى 2 - 3 ساندا )

3

واسيلوك آلمىشىشقا كەلگەن اشچىلار
نىك برنجى گروپپسىغا آريليشيب زاورىدنا
كريب آلغان ايدى . اوخوشنيسى سيرو
گانىك اولومى توغورلوق قانداقلا قليب بول
ميسون آڭلىريغا سوز لەپ بەرمەكچى
ايدى .

واسيلوكنىڭ ، آكيسى قيشيغا ھەتتى
اش وقتلىريدىمو ، اشچىلارنىڭ آرسيدا تقيد
لاب يوروب ، كوزەتچىلەرگە كورونمەي
كيريب كەتكەن چاغلارى تولا بول-
غان .

او ، پات - پاتلا آكيسىنىڭ يىنيغا كيد
ريب ، ئەتيدىن كەچ كرگيچە كوتيلينيد
لىن چقمەي ، قانداقلا بوليسون آكيسي-
نىڭ بىرەر اشيگە بولوشوب بىرەتتى. شونىڭ آر
قيسىدا بىر آز كونلەردىن كيين ، كوچىد
گارلار هونرينى تولوق اوزلەشتوروب آل
غان ايدى . شو كۈنلەرشقا بوتيمەن باليدى
كوچيگارلار ياشى كوروب قالغان .
بر كونى اوپان ستروميل (ميخانيك)
غا كور ونوپ قيليب ، كوچيگارلار باليغى
ياقلاب آريغا چوشكەندە ، ميخانيك قولينى
شلتيب چقيب كەتكەن .

اگردە كومور كيليپ قالسا ، اونى
واگونلاردين توكوش اشيدا واسيلوك كو
چيگارلارغا ياردەملىشەتتى . او كوتيليندي-
كى بارلق يوللارنى ھەم اشيكلەرنى بيلەت
تى وە بر نەچچە كون كيليپ بورگەندىن
كيين ، او ، اوزى كريدىغانغا نهايتى ئەپ
لىك يول تيپيپ آلغان . شو يولى بلەن
هيچ قانداق تەكشور گوچيگە كورونمەي ،
هيچ قايسى اشيككە اورونماي ، توپ. توغ
رى كوتيلنيدگە كريپ باراتتى . اوآوال
كومور توريدىغان قوراغا بيريپ ، هـوا
تازلايديغان كانايغا ( وينتيلەتسيگە ) سوڭ
گوپ كرەتتيدە ، شو كانايارقليق كۈل
توكيديغان اوراغيچە ييريپ آلاتتى . اوڭ
دىن كيين تامغا يىقن قليپ بەكيتيلگەن
لومغا اوخشاش اوزون تومورگە يامىشىپ مى
گيپ كومور قريديغان اوريغا چوشەتتى

او يەردە بر نەچچە آدىراتسىيننى بىرچەتكە، آغدوروب تاشلاب، كوتلنينىڭ كومورآليدىغان گردىبكيدىن چقانتى. بو يىرشوروشرىنى واسيلوك هيچ كيمگە ايتمىيغان، حتى آكيسىگەمو بلمەنتى. اونگغا توبوتسزلا كيريب بيريب، كوچيگارلارنى حيران قالدوروش اينتايىن قزيق بيلنەتتى چونكى، كوچيگارلار اشيكدە توروغان تەشور كوچيلەرگە كورونمەى ئەيچيالالمك بلەن كيريب كەيتوەب اوبلاتتى.

آندىرينىڭ كوتباينىدىن چقماى ايشكلەرنى ايايب آلفيننىنى وە اونى ليگيونيرلارنىڭ اولتورمەكچى بولوب يورگيننينى بلگەندە واسيلوكنى قورقونچ باسدى. او، يورەكلرى جيغيلديغان حالدا، ليگيونيرلارنىڭ كوتيلىنىگە گرمەك بولوپ اومتولوشلرىگە سەب سيليب يوردىتتى.

اولارنىڭ بو اومتولوشلارى عملگە آشمايديغان طرەفكە چقغاندا، واسيلوكنىڭ خوشاللىغى چەكدىن آشدى. واسيلوك اشچيلارنىڭ آرسيدا بر اويدرفقا. بر بويدافقا يوگرەب، ياشاكغريغان كوزلرى بلەن، ياللوورغاندەك قاراب، ترنوش گرچيگارلردىن سورىدى:

— آكا، اولار امدى اونى نيميەوتلار ايتيگا؟

كوچيگارلارنىڭ هيچ قايسى جواب بەرميدى. نهايتى اولارنىڭ ايچيدىن برسى بلينىڭ قوليدىن توتوب بر چەتكە ئەپچقتى — دە:

جينيكنىڭ نريگيدە پانزاق كەشيگنى توغريلا! كەت بويەردين! بر سيغو بيشينى بيدى.. يەسەنمو بيشگنى يەى دەمسەن؟ — ديدى.

واسيلوك يوروپ اونىڭ آلدىدىن كەتتى. كوزلاريدىن ياش تامچيلرينى آققوزوب، ليگيونيرلارنىڭ نيمە قيليوا تقانلغينى كوروش اوچون يەنە يوگرەپ باردى.

زاوود هر بليسيدا توختولوشوپ قالغان اشچيلارنىڭ هەميسى، ئەشو كوتيلينيدە بوليواتقان واقعەگە قاريشب توراتتى. يالغوز بر يگيتنىڭ ئهريمانلارچە قارشيليق كورسوتوب تورشى وە شو يالغوز يگيتكە قورالق ليگيونيرلارنىڭ چامى يەتمەى توريشى هەمهنىڭ كوكليگە تاثير قلغان ايدى ايغر اش آرقيسيدا ايزلگەن، روحى چوشكەن اشچيلار فقط برلا كشى شونچيليك قارشيلق كورسوتوب تورغاندا، اوزلرينىڭ قاندىشاسىدىن چەتدە قاراب تورغانلقيغا ايچينغاندەك سيزيم آلغان ايدى. گودوكنىڭ بر تتماى چالينيب توريشى، بو توغورلوق حتى بر مينوتەوا اونتيغوزمانى يناخاننىڭ تندىرگى هەمينى تاثيرلەندوردى اونوڭ توغورسيدا، خصوصا آيالار اوچوقدىن — اوچوق لا سوزلەشكە باشلىدى.

— قاريشب تورغيچە اويالساڭلارچو ئەرلەر! اونى ئامدى اولومگيلا چيقريب قويساڭلا كيرەك.

سيلەر توليسى خوتونلار بلەنلا اورشوشنى بليسزلەر... ديگەن ناراضلق اونلەر آڭلاندى.

آيالارنىڭ موندلق واقراشلرى، گردوكنىڭ بر توختيماى چيلينب توريشى وە كوز آلديدا بوليواتقان واقيعە اشچيلارغا خيلى قاتتيق تاثير قلدى. اولار زاوودقوراسىدين چقماى دەب توروب آلدى. ليگيونيرلار اشتكلرى بلەن اشتريشكەباشلايدى.

ئانلقلارى بولسا اوروب قوغلاشقا كربشتى . تيريكيشيب تورغان اشچيلار بر ليگيئونيرنى آت اوستيدين آغدوروب يەرگە چوشوردى . اونى اشچيلارنىڭ قوليدين آران ديگەندە اجيرتيب آلدى . شونداق قليب ليگيئونيرلار اسكادرونى اشچيلارنى آران بر نيمەلەر قليب زاوود قوراسيدين هايداپ چقاردى .

واسيلوك قەيەردە تورارينى بلمەى او يانى - بويانقا يوگرب يورەتتى . اونى ليگيئونيرلار كوروب قالدى .

هەى بالا ! ساڭا نيمە بار بو يەردە؟ توختا ! نەگە قاچيسەن ؟ دەب اونگغا بىرى واقيريدى .

واسيلوك توب اچيگە سوڭگوب كرديدە ، جەينەكلرى بلەن اشتيريب يوروب ، توبنىڭ قويوق ييريگە بيريب آلدي . او ليگيئونيرلارنىڭ توتوب ايليبيديغان قوقوب قاچتى وە بر اشيكدين اوتوب كومور توربديغان قوراغا كردى . ئاندا شو چاغديلا اوزينىڭ كوتيلينيگە كيربديغان يوشورون يولى اونىڭ ايسيگە چوشتى ...

4

واسيلوك كومور آريسيغيچە بيتب باردى . اونىڭ اچى قاب - قاراڭغوايدى. كوتيليتيگە چقيديغان توشوكنى تاپالميدى. چونكى اوتوشوك ييگيديين ئەپكلب توكولگەن كومورلەر آستيدا قالغان ايدى . واسيلوك توشوكنى ئزلەب خيلى آوارە بولدى . اونىڭ ئزلريغا كومورلەر پەتب قاراڭغودا تەمتيلەب كومورنىڭ اوچلوق قرارىغا بيشينى اوريوبليب خيلى قينالدى . اخرى دوگلاغلاق كومورلەرنىڭ ايغر بارچىلرينى بر چەتكە تاشلاب اوبوشنا باشلاي-دى . شونداق يوغان كومور پارچيسىنىڭ برسى دوگلەب چوشوب ، اونىڭ بالاڭغوداق يوتيغا نهايتى قاتتق تەگدى . اوشو زامان ييقيليب چوشتى وە اوزاق ييتيب يتليدى . ييغلاپ بولغاندين كيبين يەنە شيگە كرشتى .

واسيلوك كيچگرەك بر اويوق كولبدى . لەيكين كولاش ايشى بارا - بارا قيينلاشتى . چونكى اويوقدين آلغان كومورلەرنى يوقورغا ئەبچيقشقا توغرى كەلدى . وە ممكين قدر ييراغراق تاشلاش كيرەك ايدى . بولميسا دوگلەب ييشيغا چوشيشى احتمال . كوموردين كوتوروگەن چاڭ اونىڭ ايغز بورنيغا ، كوزلريگە كيرريب بارانتى .

او ، چوشكوروب وە توكوروب آوارە بولدى . آمما كومورنىڭ كوبليگيدين چيتى كورەنمەتتى . واسيلوك باشقا يەردين كولاپتيمەن دەب رەنجيب قالدى . اونىڭ اوستيگە قورقونچلوق بيسيشقا باشليدى. اويدە ييغليدى :

— آنديرى ، آنديرو - او - اوشكا دەب جينيڭ بارچە واقيريدى :

آنديريغا كيملو برسينىڭ اونگغا اچچى آغريب ، چاقرغاندەك توبولدى . او دەررو اوپ - چوريسيگە قاربدى :

— تفو ، شەيتان !

لەيكين كەينى طرەفدە واسيلوك ييغلاۋاتقاندە كلا قليب توريدو . پتاخا كوتيلنينىڭ كومور آليديغان گودبكيدا ملتقنى توتوب ، ديريزيلەردين كوزينى آلماي قاراب توراتتى .

برانلسپوبت پتاخانىڭ يانيدا توراتتى . اونى اوجونتوروشقا آز قالغان هولار ديريزيلەردين آستا چقماقدا ايدى . كوتيلينينىڭ اچى قاراڭغولاشقان وە هواسى ايغرلاشقان ايدى .

آندىرىغا قايسى وقتلاردا ، بونوڭ
ھەممىسى قارا باسقا نەدەك بىلىنەتتە-
نى .

— آندورۇشكا ! دېگەن بېقىنلا بىريەر
دىن واسىلوكنىڭ اونى چاقتى .

يوقورىدىن بىر تاش دوكلەپ آندىرى
نىڭ يورىسىگە قاتتىق تەگدى . آندىرى
شوتاش چوشكەن طرفگە قاراب آتماقچى
بولغان ايدى ؛ لېكن « بو ، مەن واسكا »
دېگەن آواز يقامانى آنقورمىدى .

حقيقى تىرىك واسىلوك اونىڭ يېنىغا چو
شوب كەلدى . آندىرى اونى ايتىويتشكە
تاسلا قاغىدىنى اويلاب اوستىدىن بىر قا
ياق سوغ سونۇولغانلىك بلىندى .

واسىلوك واقراب :

— آندورۇشكا ، بو مەن ... دەب
كىلىپ آكىسىنى قوچاغلىدى . آندىن قو
لىغىغا : ئەوولار تازىمو كەگرى كەلدى...
آتلىق عسكرلر قورا ايچىدە لققىدە يورى-
دو . ئەگىزە كىلىپ قورادا سابلا شولار
قالدى ... قاچ بو يەردىن ! منا مەيدە تو
شوك بار ... مەن ھەمىشە موشو توشوك
دىن كرەتتىم . براق واچىدە كومور تو
كوب ، توشوكنىڭ آغزىنى كوموب ئەت-
كەن ايكەن . مەن آران دىگەندە كردىم !
دېدى .

آندىرىنىڭ يوربگى اوينىاب كەت-
تى .

— سەن بو يەرگە قاياقدىن كىر-
دىڭ ؟

— كومور توريدىغان قورادىن

— ئوبلقتا يول يوقمۇ ؟ ...

— مەن كانای آرقىلىق كردىم ئو-
نوڭ ايچى كەڭ سەنمو پاتىسەن . يور ،
آندورۇشكا ، كيتەيلى ! بولمىسا ئەوولار
تازىمو كوپىيوب كەتتى . ئوستاق آكام
ئولارسىنى ئولتۇرىدۇ دەيدۇ .

واسىلوك آندىرىنى توشوك طرفكە
تاتتى .

— چىق ، مەن كەينىڭدىن چقاي .

واسىلوك ئومىلەب يوقورلىدى . پتاخا
كوتىلىنىيگە ھم يوغان پەچلەردىكى ئىچوب
قلاى دەب تىزىغان ئوتلارغا يەنە بر قاراپ
قويدىدە ، آندىن ئومو چقيشقا باشلىدى .
واسىلوك بو چاغدا يوقورىغا چقيب ئونى
كوتوب توراتتى . آندىرى قوليدىكى
ملتقنىڭ تەپكوچىنى آستا احتياتلق بلەن
چوشورۇب واسىلوكقا سوندى . ئوزى
توشوككە پاتماي قسيليب يوروب ، قو-
يولوب تورغان كومورلەرگە ئيسىلىب آران
دىگەندە يوقورىغا چقتى .

واسىلوك ئونى آلدىراتتى . آندىرى
يىزغان بر كالەك تاش كومورنى ايليب
توشوككە كەپلىدى . واسىلوك پوت قول
لرى بلەن آنترا تسيتنىڭ ئوششق پارچيلرى-
نى اشتىرىب آكيسىغا ياردەملەشتى .
توشوكنى بر مينوت ايچىدە بەكيتب
بولدى .

واسىلوك آندىرىنى ئوز يولى بلەن
باشلاپ ماگدى پتاخا وينتيلاتسيگە پاتمىد
سام قالداق قلارمەن ، دەب نهايتى قتتق
ئەنسىريدى . ئو واسىلوكنىڭ كەينىدىن
آستا آلغا قاراب سىلجىشقا باشلىدى . ئەنە
شو چاغدىلا پتاخا اوزيدە چولك يينىكلىك
سەزدى .

ئولار تاشقىرىغا چققان چاغدا اسيمەلداب
اوششاق يامغور يىغيواتاتتى . كومور قو-
راسى زاوودنىڭ يېنىدا ايدى . بو ايككى
قورانى تاش بلەن قويورولغان تام آيرىب
توريدىغان .

بو قورانىڭ ايچىدە تومور يول كر-
تىلگەن ايدى .

واسىلوك ، برى بارميكىن دەپ قارى-

غيلى كەتتى . بر آردين كبين قايتيب
كيليب قورادا هيچ كيمنڭ يوقليغينى آكيد
سيغا ايتتى .
— قورادا اوچ قاتار بوش واگونلار
توريدو . واگونلار آستيدين ئرميلەب
اوتسەك بزنى هيچ كيم كورمەيدو .
ئەوو آرقا طرفيدكى دەروازا آلديدي
مو هيچ كيم يوق . دەروازيلارنى قولوپ
لاب قويوپتو . بز واگوننڭ اوستيگەچقيب
دەروازيدين آتليب چوشوميزدە ، آن -
دين كيتيويريمز ، — ديدى آنديرنڭ
قوليغيغا .
اولار ايگز دوگلانغان كومور اوستيد-
ين آستا چوشتى وە ايگيشب واگونلار
آريسى بلەن يوگوردى .
واسيلوك اويليغان فلان توپ — توغ-
رى چقتى . آخرقى وگون دەروازىغا يېد-
قن تورغان ايكەن . اولار سالاڭون قليپ
ياتلغان تومور قاپقيدين آتليب چوشتيدە ،
آندين پويېز ديوالنڭ اوتتورسيغا چوشوپ
وگرەپ جونەلدى .
واسيلوك قوللرىنى قولتوقغا تققن
حالدا ، بر سەكريگەندە ايككى ميتريەرگە
چوشوپ آكيسينڭ آلديدا خودى اوچار
قازاندەك اشلك اوچماقدا ايدى . او آكيد-
سينى كيين قالديميكين دەپ پت — پات
كەينيگە قاراپ قويېدو . آنديرى ماليننڭ
باريچە يوگرەپ كەلمەكتە ، يامغور شا-
ريلداپ اولارنڭ آلدى طرفيدين قويول-
ماقدا ايدى . پاكالا تورغان ايغر ولوتلار
جيمى آسمانى قاپليغان ايدى .
آنديرى ميلتغينى تاشلىميدى . او تيز-
خيجيلا قوتولوپ كيتيشيگە ايشەنمەي ،
اگردە توتوپ آلسا بەرى — بر اولتورويد-
يدو ، اونوڭدين كورە اومرومنڭ ئەڭ
آداققى مينوتلريدا ايككيسينى بولسا موجاي-
لاپ اولەرمەن ، دەپ اويليغان ايدى

اوز اووتدين خيلى يراقلاشقاندا وەپويېزد
يولى ووگزال طرفكە بوروليديغان دوخ -
موشقا كەلگەندە توختيدى . قولينى يوري-
كيگە قويوپ ، ماغديرسز حالدا آستا
اولتاردى . . .
— توختا ، واسيلوك ، مەن آرتوق
يوگرەلمەيمەن ! — دەپ وافردى آنديري-
رى .
— ناچاپليلا ، آندوروشكا ، قاچايلى ،
بومەيسا قوغلاپ حاضر يتيپ كيليدو .
او بالا هرطرەفكە قاراپ . قوقوپ
قاراپ ، چيدامسزلق بلەن تيپرلاشقا باش-
لىدى . اونوڭ اوستى بيشى چرب-چوپ
بولغان ، ازى قورققانلقنڭ وەسرىغنڭ
علاميتيدين شومشەيگەن . پتاقلاچاچيراپ ،
سوغدا كوكەرگەن يالاڭغيداق پوتلرىنى
بر — بريگە سورتەپ شپپال(تومور يرلار-
قويولغان ياغاچلار) اوستيدە توروردو .
اونوڭغا آنديرى اوزاق اولتوروپ
كەتكەندەك بلينىدى . شوڭلاشقاو :
— امدى بولدى آندروشكا يەنە بر
آز يوگرەيلى ! — ديدى .
ماغديرسز پتاقلا آستا بورولوپ واسي-
لوكننڭ اوچ پوكولوب شومشەيگەن تورقي-
غا باشدين آياق قاراپ چقتى اونوڭ يا-
لاڭغيداق پوتلريغا ، يېڭيغا ييېرشب كەتكەن
شەپكيگە اوخشيغان بر پارسىگە وەاوچيد-
يكى خوتونلار كيدىغان كوفتسيغا
كوز يوروتوپ آلدى هم تنەسز اشلەپ
يوروپ شو بالىغا بر اوتوك بلەن اوچيس-
غا توزەگرە ككبنە ايگيل ايتيپ بيرشكە
هيچ نارسە آشور المىغانلغينى ، تورموش-
ننڭ ايت كونيدەك اوتووانقينىنى قاتتىق
ايچينيش وە آچچق اوكنش بلەن كوڭليگە
آلدى . بو كورونوش اونوڭ كيكينيگينى
سقاندەك بلندى .

« منا امدی بر پارچە نانمو یوق ،
اوزەڭگمو قەیەردە توریشینی بلمەیمەن »
دیگەن اویغا کەلدی .
- آنا-وروشکا . . . . دەپ واسیلوك
اوتونگەن حالدا سوزوبقینا وانیردی .
آندیری توردی . زاوود خیلی یبراق-
دا قویوق تومان ایچیگە چوکوب قالغان
ایدی . اویاقدین گودوکنك بر توختیمای
موکوریشیلا آڭلینب توریدو .
آندیری اوزینك یوغان اوتلیك خبر
چیسیگە قولاق سیلیب ، روحی کوتوروا-
گەن حالدا :
[illegible]-چیاینیوانیدو ! - دیدی ، آندین
یوگریمەسدین اشتیك آتلاب ماڭدی . [illegible]
واسیلوك اونوك یینیدا پات - پات اوینق
بویانغا قاراب ، قورقانلق بلەن آستا قتیـ
راب یوگورەیدو .
پتاغا ایگز بر دوڭدین قودوقنك قیـ
شیدیکی اوزیگە تونوش اوینی کوردی وە
اوزینك قوتولوب کەتکینیگە ئەنە شو چاغ-
دیلا اشەندی . او اینیسیغا قاراب :
- واسیلوك ، اینم ! وای ، گودوك !.
واسکا توختیغینا ! امدی اولار بزگە بر
نیمین . مەن سینك اوچون اولاردین یەنە
اوچ آلیمەن ، - دیدی - دە آندین قورچاغ-
لاب مەیدیسیگە قسدی .
بەلکیم اولار کوز ییشی قلغاندو ،
شاریلداب یغب تورغان یامغوردا اولارغا
کیملەر قاربدی دەیسەن .

ن . اوستورووسکی

# شەھدلرگە !

ت . قهاری

نیمیشکە جم یاتمایسیلە ، باتور شەیدلار ؟ . .
بوگون آڭلاندیمو ، جنوبنك آه - زاری .
زادی چوشومدین چقمایسیلە مرد ییگتلەر ،
بەریب یەتدیمو ؟ نالیەرنك آوازی .

⁂

آنقان تاڭلار بلەن قایناق جەڭلەر آلدیدا ،
قوچاغلیشیب وەعدیلەر بەرگەن ایدیم .
کەتمیدی ایسەمدین شو قەسەم یادیمدا ،
مەنمو بو مکانغا چیچەك تەرگەن ایدیم .

⁂

امدی هیچ غفلت ایچیدە اوخلیماسمەن ،
کیچە سازەندیسی غیجەك تارتالمایدو .
« ئەللە » ئەتکەن شوم بوشوککە تیگلیمامەن ،
« اوگەی آنا » مینی پەپلەب باقالمایدو .

⁂

باتور شەیدلار ایزڭلاردین گول اوستورمەن ،
قبرڭلا یینیدا ئیکەنلەر اونەلمەیدو .

كورەشچان آنيدىن توغولغان اوغول مەن ،
قوملوق بورانلار قيشمدين اوتەلمەيدو .

❖

بوگونمو باشدا وافيرغان ناخشام بلەن ،
كورەش ناخشامنى چلك وافراپ ايتالايمەن .
اونوم بوغولماس آزادلقنىڭ كويى بلەن ،
« غيجەك » حسرت آهاگينى باسالايمەن .

❖

مەيلى اوچيلا توزاقلار قورسا قورسون ،
چيتلماس پوت ، آخر نيشانغا باريدو .
كورەشچان شهيدلارنىڭ اينيسى تورسون ،
قەلەم اوينوتوپ ينه جواپ بيريدو .

# دلبر

كېبر نياز

چاچريغان قنىدين تاربخدا چيكيت ،
اوتموشنى ئەسلە مردانه ييگيت . . .
نيشلگەن هر تال كوكلەشكه حقلق ،
آسرانسا اگر تولەمو ئەپليك . . .
ياقمايدو فقط دلبرگه ئەگليك ،
چونكى او ئەسلى ئەك فاكز ئەمليك . . .

اوخلاواتيدو دەمسەن دلبرنى ،
ئەركين ايچلغان اونگور كوزلرنى .
اوخلاپ قالسا قان توكولگەن يەرده ،
لاى سولار آقار توكرلگەن ئەرده . . .

دلبر بيغيدا پونولگەن تومار ،
قاندا ييزلغان قونميسون غوبار . 1)
ماهى كولگەنده ، تونده اولسون مار 2)
اولوم شونوڭغا كم اگربى عار .

---

1 ـ غبار : چالق ـ توزان

2 ـ مار : ايلان .

3 . بى عار : ناموسسز ، اويانسيز ،

# قانلق داغ

1944 - يلى نويابر آيدا باشلانغـان ملى آزادلق انقلابيمزنڭ شانلق غەلبەلرى كون سايين اوسووانقان مزگللربدە وطنيـمز شرقى توركستاننڭ بتون جيلريديكى خلقيمز انقلابيمزنڭ موافيقييتيدنـى تورت كوز بلەن كوتووانقان ايدى . ظلوم قويـنيدا ايگراشقان خلق قوملوق چوللەردە او-ـسـوزلوقدا چاقفيغاندەك آزاد وەتەن كينلككە تەشنا ايدى . شونڭ اوچون وطنيمز-نڭ هر - بر بوجەكلريديكى خلق انقـ لابنڭ صداسى بلەن تەوريـنـب كەتـ ني . . .

جمليـدين 1945 . يلى آقسودا بولوب اونكەن توپلاڭدين كيين خطاى استبداد چيلرينڭ دەهشتلك اوچ ايلشدين اوركيـگەن آقسو خلقى اوز مكانلرينى تاشلاپ چققان ايدى . بو وقتدا وحشى خطاى‌هربى قسملرى آقسوديكى قاچالماى قالغان‌خوتون ، قز وە قيرى بووايلارنى يـرتقوچـلارچە قاغا بويدى . بو جايدا خطاى‌وەحـشيلرينڭ قليب اوتكەن قانلق فاجيعەلرى تاريخيمزدا يويولماس داغ بـولـوپ قال-دى .

بز خطاى جاللادلرينڭ آقسو خلقيغە قلغان ييرتقوچلقيدين عملى بر فاكت بيـريپ اوتيمز .

دوشمەن چيريكلرى داوان تووبگە يـتب كەلگەندە پيادە يول يوروب هيراب قالغان 89 كشينى توتوب آلدى . توتقون-لارنڭ توراتى بووايلا ، خاتون ، قـز وە كيچك باللار ايدى .

خطاى چيريكلرينڭ لەنجيگى بيچارە توتقونلارنى بر جايغا توپلاشقا امر بەردى. خطاى هربيلرينڭ عادەتدين تاشقيرى قوپالليغى وە چيرايلريكى جاللادلق كورنيـ-شى توتقونلارنڭ ديليدا ! نهايتى چوڭقور قايغو وە قورقونوچ توغدوردى .

توتقونلار چارچيغان وە هالسزلانغان ، يوزلرى قانسز وە آپپاق تاتارغان ، كيچك باللارنڭ كوزلرى گويا باغلانغان كييك كوزيدەك مولدورلەپ تورانتى .

لەنجاڭ سوغاق بر آواز بلەن :

— هەممىسينڭ پوت ، قوللرينى باغلا !

دەپ ئەمر بەرگەن ايدى؛ توتقونلار آريسيـدا قورقونوش اوستيگە . قورقونـوش وە اولوم هيدى پوراشقا باشليدى . كيچك باللار قانللارنڭ قوپالق بلەن سـكيشلرى وە قلبچ ، نەيزيلەرنى پـاقرتب اوينشلريـدين قورقوشوب چقراپ يغليشب كيتشـ-تى . بو ياش معصوملارنڭ تيترەوانقان نازوك قوللري هەر قانداق باغرى تاش آدەمـنڭمو رەحميسينى كەلتوردتتى . لەيكـن بو بى رەحيم خطاي جاللادلرى ايك آوال بو معصوملارنڭ پك كيكيرتيگينى مەهكەم سقـدى . كويومچان آنيلار يوراك ، بغـرى بولغان باليلارنڭ عذابلينيشيغا چداشلق بيـرەلمەى هون گريك ايتشب يغ وەتتى . . خوددى قوينى باغليغاندەك 89 جانني آرقان بلەن باغلاپ بر - بريگە چاندى . چرگـ-قور يان بوييغا تزلاندوروب اولتورغوز ـدى .

توتقونلارنڭ داد ، فريادلرى لەنموز داوانڭ موزلوق تاغلرى ايرار ، يارتيـگيديكى سولار شاقراپ وييغا آهاگيغا قوشولار ايدى . .

چيريكلەر بولسا ، قلميشيغا فخرلنيب ، خەنجەـلرينى غلابيدين سوغروپ ، لەنجاڭنڭ ئەمرينى كوتەتتى .

لەنجاك تەرىنى توروب ، بوغوزلاشقا ئىشارەت قىلدى . جاللادلارنىڭ برسى ايلك آووال چەتدە تورغان بووايىنىڭ آيپان ساقى لىدىن توتوب ، اونى بوغوزلايدى . او شەھادەت اوقوب توروب قىپ - قىزىل قانغا بووبالدى . بووايدىن ايتلىب چىققان قانلى بلەن يوزى قىزارغان خطاى جاللاتى شەھدنىڭ گەو دىسىگە برنى تىپىپ اونى يارغا ژومو لتىۋەتتى . بو برنجى قربانىڭ قانلىق فاجىعەسى بر نەچچە توتقونلارنى هوشىدىن كەتكوزدى . بعضىلرى بو خلدىكى ايغىر عذابنى كورمەس اوچون دوم يىتب آلدى وە بعضىلرى يوزىنى قبلىگە بوراب خدا غا نالە قلماقدا ايدى ... 5 مينوت اوتمەى 9 كشىنىڭ بشى تىنىدىن جدا قلىندى . بو ايچىنشلق فاجىعەنى كوريواتقان خطاى آر سىدىكى اويغور چىرىكلرىدىن چيداشاق بيرەلمەى اوكسوب يىغلاۋاتقانلرىمو بار ايدى . اولوم نوبىتىنى كوتوب تورغان بعض يىرەكلىك توتقونلار : " آە يىغىر كون ، خدا اوزىڭ كوروب توريديغان سەن ، ايمانىمغا گواه بول ، كيىنديك قىنىم توكولگەن شفقتلىك وطنىم ! قوينوڭنى آچ ! بزنى ترىك باغرىڭغا آل ! " دەب زارلىنيوا تاتتى .

خلقنىڭ بو ايچىنشلق آە زارى شفقتسز خطاى جاللادارىنىڭ كوڭلىنى بومشو تالمىدى . اولار برىنىڭ كەينىدىن برىنى كوزلرىنى مولدورلىتىب توروب بوغوزلاپ تاشلىدى . بو وقتدا يار آستىدىكى سو قىپ - قىزىل قان بولوب آقدى .

گومىنداڭ ريئاكسيئون عملدارلرىنىڭ وفادارلىق ، ميهربانلىق دەب واقىريغان شعارلرى ، بيچارىلىق حالغا چوشوب قالغان خلقنىڭ اوستىدە شو خلدا نەتىجىلەنگەن ايدى .

« سەزگور »

---

# ياشلق

جرعتى

« ياشلق آدەمنىڭ زيلوا بر چىغى ،
توايمو قسقا اونىڭ عمرى براق ؛
بر تلسا كالىندارنىڭ بر واريغى ،
ياشلق گوايدىن توگولور بر يوپورماق » - ( ل . م )

ياشلق عمرنىڭ روشەن چىرىغى ،
ئەركىكە تەلپونەر قاينىاق ، بەك قاينىاق .
ياشلق عمر ايقيمىنىڭ اور كەش ابرىغى ،
او گولزار وەملىگە تولىمو آمراق .

ياشلق عقىلنىڭ دانا يورىگى ،
اگر اوعلمدىن قلسا ، تاماق .
بو هر حيات عمرىدە بر كىلەر ،
قىرىغاندا بار ، اونى آرمان قلماق .

« هاسسد ناما ... » دەپلا ساقالنى سيپاپ ؛
آه اورماقدىن اوزگە آمال قىنداق .

یانلىق قدرىن بلمىگەن بىشىغا ،
كىيىن يەيدو پوشايماندىن چوماق .
يانلىق اوگونوش ، كورەش منگىلى ،
كورەشدىن بخت بولىدو پارلاق .
تورموش دفترىنى ايلىب قولىغا ،
كوروب بارچە ياش آلسونلەر ساباق .

## ملتيغم

كوز نوروم ، عشقيم ، مداريم شانو شوكەت ملتيغم ،
يولدوشوم ، آلتون بيشم بختيمگە بركت ملتيغم .
سەن مينگدەك مگليغان مەرد جەگچينك چىن آمريغى ،
ياش يورەك يەك پاريسى سەن عشقى لذت ملتيغم .
مەن اوچون همكارمو سەن ، دولپار موسەن ، گولبارموسەن ،
تاغو - تاش چوللەردە همرا يارو - الفت ملتيغم .
دەس ايليب آسمام سىينى تەن شادلينب مغرورلينار ،
مهرى تاتلىق ، جانغا راحت ، تەنگە قوت ملتيغم .
اوك مورەمدە يالتراپ تور ساك گويا گوهر خيجل ،
گاك وجوديمغا يارا شقان بدعى زينەت ملتيغم .
سەن بلەن يورسەم قاتار بويتومغا اوق مارجان ايسب ،
زوخلينار ياريم كوروپ بر ، گول قيافت ملتيغم .
كوز سيلب ، هەر يان بيقيب تورسام محافيزەتدە مەن
ئەيمينب تيترىروتيبلەر ، سورى هەيبەت ملتيغم .
سەن كورەش مەيدانيدا جەك سازينك تەنبيرچيسى ،
ا .لوينوتوپ دوشمەنلىنى سايراب گنەر ملتغيم .
راس قزبق جەگدە قيلشماى بەس قليب توپلەر بالەن ،
اوق ايتب اويناپ شاراقلايسەن عجايب ملتيغم .
بيگلرلك اشلەيدو چاققان ترغيتب ناشلاب ميشەك ،
موفقو چوك ناشنى نيشار مەيداندا قودرت ملتيغم .
چىن لريك دەل توغرى كوزلەر وحشيلەر نار ماگلبين ،
باوغا " سوغا " يەتكوزوشدە زەربى دەشت ملتيغم .
پەيتى كەلگەندە باوزلار اوستيگەبارسام بيسب ،
هەر هجومنى حەل قلشدا جيددى غيرەت ملتيغم .
كەلسە آلدەبدين چابازلار « گاچ ! ... » اينب نەيزە بلەن ،
باغريدن مزەك بيرشدا جەزمى شبدت ملتيغم .
كەلسە آرتمدين ، اوروب " فارس ! ... " بورنيغاپاينەك بلەن ،
قاقشيتب بەر چيشليتشدە خوب محارت ملتيغم .

یاو ، مینی اورماق اوچون سوزسا پلاکت قوللرین ،
زەربەسیگە نەق جواب بەرگوچ حەیقت ملتیغم .
قیسقیسی جەڭدە وطن آرسلانینڭ سرداری سەن ،
سەن بلەن ظفر ماڭا یار، فتح، نصرت ملتیغم .
مەن شوڭا باغریم تیگیب ، آسراب سیلایمەن جان قیقیب ،
باشدا بز قربان بیریب آلغاشقا قممەت ملتیغم .
قانچە یل آرمان قلیب یەتدیم ساڭا آخر بوگون ،
ارزیمەس قلسام سینی باشیمچە حرمت ملتیغم .
بدبشیرلەر قولیدا مەیوس ئیدیڭ اوتکەن کیچە ،
ئەندی تابدیڭ ئەل اوچون اشلەشکە فرصت ملتیغم .
تعریفڭ بتمس سینڭ شوڭلاشقا مەن خوشتار ساڭا ،
آجریماس سەندین رەحەی تاجو - دولت ملتیغم .

محمد رحیم




نشری : شرقی تورکستان انقلابچل یاشلار تشکیلاتی مرکزی کومیتیتی .

ژورنالنڭ مسئول محریری : س . سیف اللەیف ، ادبی محریری : ز . قادیری
کاتیبی م . عثمان .

شرقی تورکستان انقلابچل یاشلار تشکیلاتی مرکزی کومیتیت باسما خانەسی .
شهری : غولجا     تراژی : 2000

1947 - یل

بهاسی 300 دوللار